بالىلارغا سوۋغا-2



6

# توققۇز دانە ئالما

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



بالىلارغا سوۋغا — 2

6

# توققۇز دانە ئالما

تۈزگۈچىلەر: ماباۋ
ئابابەكرى ئەركىن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەجمۇئە ئىسمى: باللارغا سوۋغا ـ 2 (6)
كىتاب ئىسمى: توققۇز دانە ئالما
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
تۈزگۈچىلەر: ماباۋ، ئابابەكرى ئەركىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا تەۋەككۇل
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئەخمەت مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشرىيات: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ بۈگۈنكى شىنجاڭ باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.375
نەشرى: 2010 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5373 - 2011 - 5
ئومۇمىي باھاسى: 84.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# مۇندەرىجە


ئالما ........................ 1

خاسىيەتلىك تاش ........................ 7

ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ ........................ 16

ئىگىسىگە قايتقان مال ........................ 19

ئىككى باي ........................ 21

قارامۇقچىنىڭ پىيىزى ........................ 26

جاپا چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق ........................ 29

نېسى — نەس ........................ 31

زالىملىقنىڭ ئاقىۋىتى ........................ 37

قاسساپ بىلەن جۇۋازچى ........................ 41

مەلىكە گۈلزۇر ........................ 45

ئېشەك بولۇپ قالغان پادىشاھ ........................ 57

ئىككى دوست ........................ 61

ئادالەت كۆچىتىنىڭ مېۋىسى — گۆھەر ........................ 66

بىغەمنىڭ پەلسەپىسى ........................ 73

توققۇز دانە ئالما ........................ 75

ھېكمەتلىك كىتاب ........................ 88

پادىچى ........................ 93

تويلىشىش ........................ 99

www.uyghurkitap.com

# ئالما

خېلى زامانلار بۇرۇن، تەكلىماكاننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بىر شەھەر بولۇپتىكەن، ئۇ يەردە يۇرتتىن مەمۇرچىلىق، ئەلدىن ئامان ـ ئېسەنلىك قاچقان، بەگزادە ـ ئەمەلدارلار ھەددىدىن ئاشقان، ئىشلىمەسلەر بىكار يەپ ـ ئىچىپ بۇزۇپ ـ چاچقان، يوقرالار ئاچ ـ زېرىنلىق دەستىدىن غەزىپى قايناپ ـ تاشقان ئىكەن.

شۇ چاغدا ھېلىقى شەھەرنىڭ يىراق بىر چېتىدە سايىم ئىسىملىك بىر نامرات دېھقان ياشايدىكەن. ئۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە باينىڭ يېرىدە ئىشلەپ، كېچىلىرى چارۋىلىرىنى باقىدىكەن. لېكىن قورسىقى تويغۇدەكمۇ غىزاغا ئېرىشەلمەيدىكەن.

ئۇ شۇ تەرىقىدە كۈن ئۆتكۈزۈپ 30 ياشلاردىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن قولىدا پۇل ـ مېلى بولمىغانلىقتىن، ئۆيلىنىش تەرەددۇتىنى قىلالماپتۇ. چۈنكى، سايىم تۈز كۆڭۈل، سەممىي، ئىنسابلىق كىشى بولۇپ، ئۇ: ساختىلىق بىلەن پۇل تېپىپ توي قىلغۇچە، بۇ دۇنيادىن بويتاق ھالىمچە ئۆتۈپ كېتىمەن، دېگەننى ئويلايدىكەن. ئۇ يازنىڭ تازا ئىسسىق بىر كۈنى ئېتىزدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلەۋېتىپ ئۇسساپ قاپتۇ ـ دە، ئېرىق بېشىغا سۇ ئىچىشكە كەپتۇ. سۇ ئىچىۋېتىپ قارىسا، سۇدا بىر تال قىزىل ئالما ئېقىپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇ، ئالمىنى سۇزۇۋېلىپ بىر چىشلەپ يېرىمىنى قويۇپتۇ. لېكىن كۆڭلىگە بىردىن: توختا! بۇ ئالما مېنىڭ ئەمەس تۇرسا، ئۇنى ئىگىسىنىڭ رازىلىقىسىز يېسەم ئۇ دۇنيادا بارغاندا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ ئەمدى ئالمىنىڭ ئىگىسىنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ، ھەققىنى تۆلەپ، ئۇنى رازى قىلىشىم كېرەك، دېگەن ئوي كەپتۇ ۋە ئالمىنى پوتىسىغا تۈگۈپ، ئېرىقنى بويلاپ باش تەرەپكە مېڭىپتۇ.

سايىم مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. ساي، كەنتلەرنى ئاتلاپتۇ. ناماز ـ شام بولاي دېگەندە، ھېلىقى ئېرىقنىڭ ئەتراپى قويۇق مېۋىلىك باغ بىلەن ئورالغان بىر ئۆينىڭ كەينىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

سايىم ئوبدان سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن، «ھە! بۇ ئالما دېسەم ـ دېمىسەم مۇشۇ باغ ئىگىسىنىڭ بولۇشى چوقۇم» دەپ جەزملەپتۇ ـ دە، ئىشىكنى ئاستا قېقىپتۇ، ھايال بولماي ئۆيدىن ساقاللىرى خىزىرنىڭكىدەك ئاقارغان، ئىللىق چىراي بىر بوۋاي چىقىپتۇ. سايىم ئۇنىڭ بىلەن سالام ـ سەھەت بەجا كەلتۈرۈشكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە بىر «ھەققىيات» مەسىلىسى بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

سايىمنىڭ سۆزىدىن «مېنىڭدە نېمە ھەققىياتى بولغىيدى بۇنىڭ؟» دەپ تەئەججۇپلەنگەن بوۋاي، مېھماننى ئۆيگە باشلاپتۇ ـ

دە:

— قېنى، ئېيتىڭ، مېنىڭدە ھەققىياتىڭىز بارلىقىغا ئىسپاتىڭىز بولسا مەن ھازىر ... — دەپ، سۆز باشلىشىغا سايىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— يوقسۇ! ئۇ، مەن ئۆزلىرىگە تۆلەيدىغان ھەق ... — دەپ بولغان ئىشنى باشتىن - ئاياغ بايان قىلىپتۇ ۋە، — مانا ئالمىنىڭ ھەققى ئۈچۈن پۇل، بولمىسا مەن ئۆزلىرىگە ئەبەدىي قۇل، — دەپ بىر نەچچە تەڭگىنى داستىخانغا قويۇپ، قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

ئۆي ئىگىسى بوۋاي سايىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ: بۇ پەزىلەتتە ھاتەمدىن قېلىشمايدىغان ئاق دىل، ساپ نىيەت كىشى ئىكەن. ئانچىكى ئۆزۈم كۆرمىگەن بىر ئالمىنىڭ ھەققىنى تۆلەيمەن دەپ، شۇنچە يىراق يەردىن رىيازەت چېكىپ كېلىپ «بىرىنچىدىن، تەڭرىنىڭ غەزىپىدىن، ئىككىنچىدىن، سىلىنىڭ ھەققىياتلىرىدىن قورقتۇم» دەيدۇ، بۇ كىشىنىڭ دىل ئەسرارىنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرۈپ، ئەگەر دىگەن يەردىن چىقسا، ئۇنىڭ بىلەن تۇغقان بولۇشنىڭ يولىنى تۇتاي، دىگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە سايىمغا قاراپ:

— ئەي، ياخشى كىشى، سىز بۇ ئالمىنى ئىگىسىدىن ئىجازەت ئالمايلا يەپسىز، مەن بۇنىڭدىن ئۆتمەيمەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سايىم قاتتىق غەمگە چۈشۈپ ئازابلىنىپتۇ، ئۇ بوۋايغا يېلىنىپ تۇرۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇ گۇناھىم ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئۆزلىرىگە قۇل بولاي، ئاخىرەتكە قەرز بىلەن كەتمەي، — دەپ يىلىنىپتۇ.

— بىر شەرتىم بار، شۇنى ئورۇندىسىڭىز ئالىمنىڭ ھەققىدىن ئۆتىمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

— جېنىم بىلەن، — دەپتۇ سايىم.

— مېنىڭ بىر قىزىم بار. بىرىنچىدىن، قولىقى پاك؛ ئىككىنچىدىن، قارىغۇ؛ ئۈچىنچىدىن، گاچا؛ تۆتىنچىدىن، قولى تۇتمايدۇ؛ بەشىنچىدىن، پۇتى باسمايدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇ ئەيىبلىرى تۈپەيلىدىن ھېچيەردىن ئەلچى كەلمىدى. شۇڭا، مۇشۇ قىزىمنى نىكاھىڭىزغا ئېلىپ مېنى تەڭلىكتىن چىقىرىڭ، — دەپتۇ ئۇ ئىگىسى.

قانداق قىلاي؟ — دەپ ئويغا چۆمۈپتۇ سايىم، — ئىشلەپ ئۆزۈمنىڭ قورسىقىنىمۇ باقالمايدىغان ئادەممەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ ناكا قىزنى قانداق باقىمەن. ئۇنىڭ كۆزى نەمگە، كۆڭلى غەمگە توشۇپتۇ. ئەمما «كىشى ھەققىنى يەپ ئۆزۈمنى ناپاك قىلماي» دېگەن نىيەت غالىب كېلىپ بوۋايغا:

— ئالىمنىڭ ھەققىدىن كەچسىلە، قىزلىرىنى خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلاي، — دەپتۇ.

نائىلاج توي بولۇپتۇ، قولۇم - قوشنا، مەھەللە - جامائەت داغدۇغا بىلەن قىزنى كۆچۈرۈپ كەپتۇ. لېكىن سايىمنىڭ كۆڭلى «ناكا قىز بىلەن توي قىلدىم» دەپ ھەمىشە پەرىشان ئىكەن.

ئۇزاق ئۆتمەي يەڭگىلەر قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىپتۇ. سايىم ۋە

باشقا مېھمانلار قىزنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ئەقلى - ھوشىدىن ئازغۇدەك بولۇپتۇ. چۈنكى قىز، دادىسى ئېيتقاندەك قارىغۇ، گاس، گاچا، قولى تۇتماس، پۇتى باسماس بولماستىن، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ئاي دېسە ئاي ئەمەس دەرىجىدە كۆرگەن كىشىنىڭ ئەقلى لال بولغۇدەك گۈزەل ئىكەن. گويا ئۇنى بىر كۆرۈشمۇ جانغا ھۇزۇر بېغىشلايدىكەن.

سايىم قىزنىڭ ئايدەك جامالىنى كۆرۈپ كۆڭلى غەم - غۇسسىدىن خالاس بولغان بولسىمۇ، بىردىن چىرايى تۇتۇلۇپ، قىزنىڭ قېشىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

مېھمانلار بۇ ھالنى كۆرۈپ ساراسىمگە چۈشۈپ «بۇ نېمە گەپ ئۆزى» دېيىشىپ سايىمدىن سوراپتۇ، ئۇ دەپتۇ:

— ۋەدە بويىچە مەن ئالماقچى بولغان قىزنىڭ بەش ئەزاسى مېيىپ ئىدى. قېيىنئاتام ماڭا باشقا قىزنى قوشۇپ بېرىپتۇ. مەن يالغانچىنىڭ قىزىنى ئالماسمەن، ئۇنى ئېلىپ كەتسۇن، دەپ، شۇئان قىز ئىگىسىگە ئەلچى يوللاپتۇ.

بارغانلاردىن مۇددىئانى ئۇققان بوۋاي سايىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، كۈيئوغلىغا ئۆزرە بىلەن مۇنۇلارنى دەپتۇ:

— مېنىڭ قىزىمنىڭ قۇلىقى ئاڭلىمايدۇ دېگىنىم: غەيۋەت - شىكايەتنى ئاڭلىمايدۇ دېگىنىم؛ كۆزى كۆرمەيدۇ دېگىنىم: غەيرىگە كۆز سېلىپ، نامەھرەم ئىشلارنى قىلمايدۇ دېگىنىم؛ تىلى گاچا دېگىنىم: كىشىنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلمايدۇ دېگىنىم؛ قولى تۇتمايدۇ دېگىنىم: كىشىنىڭ ھەققىگە قول

سۇنمايدۇ دېگىنىم؛ پۇتى باسمايدۇ دېگىنىم: ئەمەس ـ ئۆندە يەردە يۈرمەيدۇ، دېگىنىم ...ــ دەپ قىزنىڭ سۆپەتلىرىنى بىرمۇ ـ بىر تەرىپلەپتۇ.

سايىم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، قىز بىلەن بىر ئۆيدە بولۇشقا چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپتۇ ۋە بۇ ھالال جۈپتى بىلەن ئۆمۈرۋايەت بەختلىك بولۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ①

ئەيسا ھەسەن تەييارلىغان

① «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 2 ـ سانى، 87 ـ بەت.

# خاسىيەتلىك تاش

بۇرۇنقى زاماندا بەختى ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئانىسى كىچىكىدىلا قازا قىلىپ كەتكەچكە، دادىسىنىڭ تەربىيەسىدە ئۆسكەن ئىكەن، كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بەختىنىڭ دادىسىغا ئەجەل يۈزلىنىپتۇ. سەكراتتا چۈشكەن دادا بەختىنى ئالدىغا چاقىرىپ: «ئوغلۇم، مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم، كۈنىمىز غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەچكە ساڭا ھېچنەرسە مىراس قالدۇرالمىدىم. ئەمما، سەن ماۋۇ تاشنى ئېھتىيات بىلەن ساقلا، ھاجىتىڭگە ياراپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپتۇ ـ دە، تۆش يانچۇقىدىن ياڭاقچىلىق بىر دانە تاشنى ئېلىپ بېرىپتۇ.

ــ دادا، ــ دەپتۇ بەختى، ــ بۇ ئادەتتىكىچە بىر تاش ئىكەن، ئۇنىڭدا ھېچ خىسلەت كۆرۈنمەيدىغۇ؟

ــ ئوغلۇم، ــ دەپتۇ دادىسى بەختىگە، ــ بۇ بەكمۇ خاسىيەتلىك تاش. مەن باينىڭ ئېتىزلىقىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، ئۇسساپ كېتىپ سۇ ئىچكىلى بۇلاق بېشىغا باردىم. قارىسام بۇلاقتا بىر نىمجان بېلىق لەيلەپ يۈرۈپتىكەن، ئىچىم ئاغرىپ نان ئۇۋاقلىرى بىلەن ئوزۇقلاندۇردۇم. بېلىق ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلدى. بۇ تاشنى ئاشۇ

بىلىق بۇلاقىنىڭ تېگىدىن ئېلىپ چىقىپ بەرگەن. تاشنى بېرىۋېتىپ: «ئەي ئادەم، سەن مېنى ئۆلۈم دەھشىتىدىن قۇتقۇزدۇڭ. قورسىقىمنى تويغۇزدۇڭ، سېنىڭ مۇشۇ ياخشىلىقىڭغا مېنىڭمۇ بىر ياخشىلىق قىلغۇم كەلدى. بۇ تاش دۇنيادىكى 72 خىل ئەتىۋار دورىلارنىڭ زەررىلىرىدىن ياسالغان. جېنى تېنىدىن چىقمىغان ھەرقانداق ئېغىر كېسەلگە مۇشۇ تاشنى چايقاپ ئىچكۈزسە سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ» دېگەنتى. نېمە ئۈچۈندۇ بۇ تاش مېنىڭ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتىكەن. ھازىر ساڭا قالدۇردۇم. مەن بۇ خاسىيەتلىك تاشنىڭ شىپاسىدىن بەھرىمەن بولۇشنى خالىمايمەن، چۈنكى ساقىيىپ يەنە باي ـ بەگلەرنىڭ زۇلۇمىنى، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىپ يۈرۈشكە رايىم يوق ...

بەختىنىڭ دادىسى شۇ سۆزلەرنى دەپلا جان ئۈزۈپتۇ ...

بەختى كەمبەغەل، يوقسۇللارغا جان كۆيەر يىگىت بولۇپ ئۆسۈپتۇ. قايسىبىر كەمبەغەل ئاغرىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇلاردىن ھېچقانداق ھەق ئالمايلا ھېلىقى خاسىيەتلىك تاشنى چايقاپ، سۈيىدە داۋالاپ ساقايتىپ قويىدىكەن. بۇ ئىش يېقىن ـ يىراقلارغا داڭ كېتىپتۇ. يۇرت بېگى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تاشنى تارتىۋالماقنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. بەختى ئەھلى ـ مەھەللىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر كېچىدىلا ياقا يۇرتلارغا بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ...

ئۇ نەچچە كۈن يول يۈرۈپتۇ. يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. نەچچە

تاغدىن ئېشىپ، تالاي چۆل - جەزىرىلەرنى بېسىپ، چوڭقۇر دەريالارنى كېچىپ ئالغا قاراپ كېتىۋېرىپتۇ. سەپەر قىلىۋېتىپ، يولدا يېرىمجان بولۇپ ياتقان بىر چاشقاننى كۆرۈپتۇ ۋە بۇمۇ تەڭرى ياراتقان مەخلۇق، ساقايتىپ قوياي، دەپ ئويلاپ، خاسىيەتلىك تاشنى چايقاپ سۈيىنى چاشقاننىڭ ئاغزىغا تېمىتىپتۇ. ئۆلەر ھالەتتە ياتقان چاشقان شۇ ھامان بىر سىلكىنىپ ماغدۇرغا كىرىپتۇ ۋە زۇۋانغا كىرىپ: «ئەي ياخشى ئادەم، رەھمەت ساڭا. مەن ئوزۇق ئىزدەپ يۈرەر ئىدىم. بىخەستەلىك قىلىپ ھارۋا چاقىنىڭ ئاستىدا قالدىم. ئۆلەر ھالەتتە تۇرغىنىمدا مېنى قۇتقۇزۇۋالدىڭ. مېنىڭمۇ شەپقەتكە جاۋاب ياندۇرغۇم بار، نېمە قىلىپ بېرەي؟» دەپتۇ. «ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس، — دەپتۇ بەختى، — ئېشىڭنى ئاشاپ، يېشىڭنى ياشاپ يۈرۈۋەرگىن.» «ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ چاشقان، — مەن ساڭا بىر تال تۈكۈمنى بېرەي، ماڭا ھاجىتىڭ چۈشسە كۆيدۈر، مەن قېشىڭدا ھازىر بولىمەن.»

بەختى يولىغا راۋان بولۇپتۇ. كېتىپ بارغۇدەك بولسا ئۆلەر ھالەتتە يەتكەن بىر يىلان ئۇچراپتۇ. بۇ يىلانغىمۇ ھېلىقى خاسىيەتلىك تاشنى چايقاپ ئىچكۈزگەن ئىكەن، سەللىمازا ساقىيىپتۇ - دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ: «ئەي شەپقەتلىك ئادەم، رەھمەت ساڭا، مەن يولدا كېتىۋاتقان ئىدىم. بىلمىگە ئات دەسسىۋەتتى. ئاغرىق جېنىمدىن ئۆتكەندە ماڭا سېنى تەڭرى ئۆزى يەتكۈزدى، ساقايدىم. ئەگەر خالىساڭ مەنمۇ

ساڭا ياردەم قىلسام؟»
«ئەي يىلان، ــ دەپتۇ بەختى جاۋابەن، ــ ماڭا ھازىرچە ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس. ئويناپ، ياشاپ يۈرۈۋەرگىن.» بەختى يىلان بىلەن خوشلىشىپ ماڭاي دېيىشىگە، يىلان دەپتۇكى: «ئەي ئادەم، بوپتۇ، ئۇنداق بولسا مېنىڭ پوستۇمدىن ئېلىۋال، ماڭا قاچان ھاجىتىڭ چۈشسە ئۇنى ئوتقا ياق، مەن قېشىڭدا ھازىر بولىمەن.»
بەختى مەنزىللەرنى بېسىپ خېلى يول يۈرۈپتۇ. بىر چاغدا كۆزى يول ياقىسىدا ئۇچالماي قىينىلىۋاتقان ھەرىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ، بۇ ھەرىگىمۇ خاسىيەتلىك تاشنىڭ سۈيىنى ئىچكۈزگەن ئىكەن، ھەرە شۇ زامان قانات قېقىپ ئۇچۇپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ: «ئەي دىلى يۇمشاق ئادەم، رەھمەت ساڭا. مەن ھارۋىكەشنىڭ قامچىسىنىڭ زەخمىدىن بىر قانىتىمدىن ئايرىلىپ ئۇچالماي قالغاندىم. سەن ماڭا رەھىم قىلىپ ئەسلىي ھالىتىمگە قايتۇردۇڭ. مەن ساڭا قانداق جاۋاب قايتۇراي؟» «ئەي جانىۋار، ــ دەپتۇ بەختى، ــ سەن گۈل تېرىپ يەپ، ئەلگە ھەسەل بېرىپ يۈرۈۋەرگىن، ماڭا ھازىرچە ھېچقانداق جاۋاب لازىم ئەمەس.» ئەمما ھەرە بەختىنىڭ بېشىدا نەچچە ئايلىنىپتۇ ۋە بۇرۇتىدىن بىر تالنى يۇلۇپ بەختىگە بېرىپ دەپتۇ: «بۇ بىر تال بۇرۇتۇمنى ساقلاپ قوي، ناۋادا ماڭا ھاجىتىڭ چۈشسە ئوتقا ياققىن، مەن ھازىر بولىمەن.»
بەختى ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ. بىر جەزىرىدە كېتىپ

بېرىپ، ئۆزى بىلەن تەگتۈش قۇراملىق بىر ياش يىگىتنىڭ لەۋلىرى گەز باغلاپ، سامانىدەك سارغىيىپ بىھوش ياتقىنىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ھالدىن بەختىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپتۇ، ئۇ دەرھال خاسىيەتلىك تاشنى چايقاپ، سۈيىنى ھېلىقى يىگىتنىڭ لېۋىگە قۇيۇپتۇ. ئۇ يىگىت دەرھال مادارىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

— مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردۇڭ، رەھمەت ساڭا، — دەپتۇ ئۇ، — بۇ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ساڭا قۇل بولاي!

— ئاتا ـ ئانىسىز بىر يېتىممەن، — دەپتۇ بەختى، — باشقىلارنى قۇل قىلىشنى خالىمايمەن، ئەگەر خالىساڭ ئىككىمىز ئۆمۈرلۈك دوست بولايلى، — بەختىنىڭ تەكلىپىنى يىگىتمۇ ماقۇل كۆرۈپتۇ. ئىككىسى ئۆمۈرلۈك دوستلۇققا ۋەدىلىشىپ بىللە يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار سەپەر رىيازىتىنى تەڭ تارتىپ، تاپقىنىنى بىللە يەپ، ئۇزاق يوللارنى باسقاندىن كېيىن بىر شەھەرگە ئۇلىشىپتۇ. بۇ باشقا بىر مەملىكەت شاھىنىڭ پايتەختى ئىكەن. شاھنىڭ بىر قىزى بولۇپ ئون يىلدىن بۇيان كېسەل دەردى بىلەن يېتىپ قالغان ئىكەن. پادىشاھ قىزىنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەچكە، قىزىنى كۆرسەتمىگەن تېۋىپ، يىگۈزمىگەن دورا، قىلمىغان سەۋەب قالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كېسىلى ساقايمىغان ئىكەن. پادىشاھ ئاخىرى بولماي تەرەپ ـ تەرەپكە ئېلان چىقارغۇزۇپ كىمكى قىزىمنىڭ كېسىلىنى ساقايتسا، ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىمەن ھەم شاھلىق تەختىنى بېرىمەن، دەپ جاكارلىغان ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بەختى ۋە ئۇنىڭ دوستى نۇرغۇن كېڭىشىپ ئەتىسىلا ئوردىغا بارماقچى بولۇشۇپتۇ. ئەمما ھېلىقى يىگىتنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، كېچىسى خاسىيەتلىك تاشنى ئوغرىلىۋاپتۇ ـ دە، ئوردىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ قىزىنى ساقايتىشقا ئادەم كەلگەنلىكىدىن ۋاقىپ بولۇپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە تەخىرسىز قىزىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ. قىز خاسىيەتلىك تاشنىڭ ھېكمىتى بىلەن دەرھال ساقىيىپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ ۋە باشتىكى ۋەدىسىگە بىنائەن توي تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىپتۇ. بۇ خەۋەر بىردەمدە پۈتكۈل شەھەرگە تارىلىپتۇ.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بەختى دوستىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن بەكمۇ غەزەپلىنىپتۇ، ئەمما شاھقا كۆيۈئوغۇل بولۇش ئالدىدا تۇرغان ۋاپاسىزغا قانداق تەڭ كېلىشىنىڭ چارىسىنى تاپالماي بېشى تازا قېتىپتۇ. توساتتىن ئۇنىڭ ئېسىگە چاشقان، يىلان ھەرىلەرنىڭ ۋەدىسى چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ چاشقانىنىڭ تۆكىنى كۆيدۈرۈپتىكەن، ھايال ئۆتمەي پەيدا بولۇپتۇ. بەختى ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. چاشقان: «خاتىرجەم بول، ئەتە سەھەردىلا خاسىيەتلىك تېشىڭ قولۇڭغا تېگىدۇ» دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. راست دېگەندەك ئەتىسى سەھەردە چاشقان بەختىنى ئويغىتىپ، ھېلىقى تاشنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن يىلاننىڭ پوستىنى ئوتقا يېقىپتۇ. ھايال ئۆتمەي يىلان ھازىر بولۇپتۇ ۋە بەختىدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن: «قايغۇرما، مەن

ھازىر بېرىپ ھېلىقى ۋاپاسىزنى چىقىپ ئۆلتۈرىمەن، ئاندىن كېيىن شاھنىڭ قىزىنى چاقىمەن. قىزنى قولۇڭدىكى تاشنىڭ خاسىيىتى بىلەن ساقايتىۋالىسەن. شۇنداق قىلىپ شاھمۇ بولىسەن، قىزىنىمۇ ئالىسەن ...» دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتمەيلا شەھەردە «شاھقا كۈيئوغۇل بولغۇچى كىشى ئۆلۈپتۇ. شاھ قىزى يەنە بۇرۇنقى كېسەل ھالىغا كېلىپ قاپتۇ...» دېگەن گەپ تارقىلىپتۇ.

ئەتىسىدىن باشلاپ جاكارچىلار كوچىغا چىقىپ پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىتىشقا باشلاپتۇ.

بەختى ئارىدىن بىر كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئوردىغا بېرىپتۇ. ئۇ، خاسىيەتلىك تاشنىڭ ياردىمى بىلەن قىزنى سەللىمازا ساقايتىپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى كېسەلدىن ساقىيىپ بولۇپ قارىغۇدەك بولسا، قېشىدا ناھايىتى كېلىشكەن بىر يىگىت تۇرغۇدەك. ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ ۋە بەختىنىڭ قولىدىن يېتىلگىنىچە دادىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ھەسەتخور ئەمەلدارلىرىدىن بىرسى بەختىنىڭ كەمبەغەللىكىنى باھانە قىلىپ، پادىشاھنى ۋەدىسىدىن قايتۇرماقچى بولغان ئىكەن، شاھ ئارسالدى بولۇپ قاپتۇ. ئەمما قىزى دادىسىغا:

— دادا، ئادەمنىڭ لەۋزى ھالال بولمىقى كېرەك. شاھلار تېخىمۇ شۇنداق قىلمىقى لازىم. بۇ يىگىت مېنى كېسەلدىن

ساقايتتى. شۇڭا ۋەدىڭىزدە تۇرۇڭ، ـــ دەپتۇ.

شاھ ئەمەلدارلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن بەختىنىڭ تېبابەتچىلىكتە تەڭدىشى يوق بولسىمۇ، ئەقىل - ئىدراك جەھەتتە قانداقلىقىنى سىناپ كۆرگەندىن كېيىن بىر نەرسە دېمەكچى بولغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئات ۋە جابدۇقلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان قىرىق مەپە هازىرلاپتۇ. مەپىلەرنى بەختىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزىدىغان بوپتۇ. ناۋادا مۇشۇ مەپىلەرنىڭ قايسىسىدا مەلىكىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى تاپالىسا، ئاندىن بەختى بىلەن قىزىنى تويلاپ قويىدىغان بوپتۇ.

بەختى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ھەرىنى ئېسىگە ئاپتۇ - دە، ئۇنىڭ بۇرۇتىنى ئوتقا تاشلاپتۇ. هايال ئۆتمەي ھەرە غوڭۇلداپ ئۇچقىنىچە بەختىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن:

ـــ ئەي شەپقەتچىم، بۇنىڭدىن ئاسان ئىش يوق، مەپىلەرنى ئالدىڭدىن ئۆتكۈزگەندە، مەن قايسى ئاتنىڭ بېشىدا ئۇچۇپ يۈرگەن بولسام، سەن ئىككىلەنمەيلا شۇ مەپىگە چىققىن، ـــ دەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. كۆپ ئۆتمەپتۇ، جاراڭ - جۇرۇڭ قىلىشىپ ئوپمۇ ئوخشاش جابدۇلغان 40 مەپە كېلىپتۇ. بەختى كۆزىنى ئۇۋۇلاپ مەپىلەرگە زەڭ سېلىپ قاراپتۇ. بىر مەپە ئۆتۈپتۇ، 2 ، 3 ، 4 - مەپە ئۆتۈپتۇ، 10 ، 20 - 30 - مەپىمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بەختى بولسا جىم تۇرغۇدەك. مەيدانغا يىغىلغان خالايىقلار ھاياجانغا چۈشۈپ پىچىرلاشقىلى تۇرۇپتۇ. 38 -

مەپىمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا بەختى ئەندىشە قىلىشقا باشلاپتۇ. چۈنكى ئۆتۈپ كەتكەن مەپىلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا ھەرە كۆرۈنمەيدىكەن.

39 ـ مەپە يېتىپ كەپتۇ، قارىغۇدەك بولسا ھەرە ئاتنىڭ بېشىدا غوڭۇلداپ ئۇچۇپ يۈرگۈدەك، بەختى يۈگۈرۈپ بارغىنچە مەپىگە چىقىپتۇ، راست دېگەندەك شاھ قىزى مۇشۇ مەپىدە ئىكەن. بەختى مەپىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ ئېچىۋېتىپتۇ. يىغلىغان خالايىق بارىكاللا ئوقۇپتۇ.

مەپە ئۇدۇل ئوردىغا ھەيدىلىپتۇ، خالايىق مەپىنىڭ كەينىدىن ئوردىغا بىللە بېرىپتۇ، پادىشاھ شەھەر خەلقىنىڭ ئالدىدا لەۋزىدىن تېنىۋالالماپتۇ ـ دە، بەختىنى پادىشاھلىق تەختىگە تەكلىپ قىلىپتۇ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز تويىدىن كېيىن قىز يىگىت مۇرادىغا يېتىپتۇ. بەختى ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.[1]

سۆزلەپ بەرگۈچى: نىياز ئاخۇن

خاتىرىلىۋالغۇچى: ئابىت ئاخۇن

① «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 4 ـ سانى، 100 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

ئۆتكەن زاماندا بىر زەردار باي ئۆتكەنىكەن. ئۇ كىشىنىڭ مال ـ دۇنياسى ھېسابسىز ئىكەن. بۇ باينىڭ ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ، بالىلىرىنى كىچىكىدىن بەكمۇ ئەزىزلەپ بېقىپ چوڭ قىپتۇ. بالىلىرى چوڭ بولۇپ كامالەتكە يەتكەندە، باي ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى قولىدىكى بايلىقنى بالىلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەرمەكچى بوپتۇ ـ دە، بىرنەچچە كىشىلەرنى گۇۋاھلىققا چاقىرىپ، قولىدىكى مال ـ دۇنياسىنى تىزىملاپ ئۈچ ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىپ، ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ بېقىشىغا يۆلىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ كىشى بىلەن بالىلىرىنىڭ كارى بولماي، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

بىركۈنى باي چوڭ ئوغلىنى چاقىرىپ ئېيتىپتۇكى:

ــ ئوغلۇم، سەن مېنىڭ بالىلىرىمنىڭ چوڭى. مەن سېنى ھەممە بالىلىرىمدىن ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەندىن كېيىن قالساڭ ئۇكىلىرىڭغا مېنىڭ ئورنۇمدا ئاتىدارچىلىق قىلىش مەسئۇلىيىتىڭ بار. شۇنى ئويلاپ، مەن بىر قىسىم ئالتۇن ۋە جاۋاھىراتلارنى تامنىڭ قېتىدا پالانى يەرگە يوشۇرۇپ قويغانىدىم. بۇ قىممەت باھالىقماللارنى مەن ۋاپات بولغاندىن

كېيىن مېنى كۆمۈپ قويۇپ، ئۆزۈڭ ئاستاغىنىە ئېچىپ سەرپ قىل، ــ دەپتۇ.

چوڭ ئوغلى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاتىسىغا ناھايىتى مېھرىبان بولۇپتۇ ـ دە، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىززەتلەپ بېقىشقا كىرىشىپتۇ. باي ئىككىنچى ئوغلىنى بىر كۈنى يېنىغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

ــ بالام، سەن مېنىڭ ئامراق بالام ئىدىڭ. ئۆزۈڭمۇ ئەپچىل ھەم ماڭا ئالاھىدە كۆيۈنىسەن. مەن ئاتايىن ساڭا ئاتاپ بىر قىسىم لەئل ـ جاۋاھىراتلارنى پالانى يەرگە يوشۇرۇپ (باشقا بىر يەرنى كۆرسىتىپتۇ) قويدۇم. مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن باشقىلارغا ئۇقتۇرماي، شۇ مالنى ئېلىپ ئۆزۈڭ ئىشلەتكىن، ــ دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئوغلىمۇ ئاتىسىنى ئالاھىدە بېقىشقا كىرىشىپتۇ. باي كەنجى ئوغلىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بىر مۇنچە ياغلىما سۆزلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مەخسۇس ئاتاپ ساقلاۋاتقان جاۋاھىراتلارنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئالاھەزەل، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ باي ئۈچ ئوغلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تالاشقا چۈشۈپ ناھايىتى ياخشى كۈتۈلۈپتۇ، ھېچقانداق قىيىنچىلىقسىز ئۆمرىنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپتۇ. باي بىركۈنى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. بالىلىرى ناھايىتى زور ماتەم مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ، يەرلىكتە قويۇپتۇ. ئۈچ ئوغۇل دەپنىدىن كېيىن، بىر ـ بىرىگە تۇيدۇرماي يوگۇرۇپ

بېرىپ، ئاتىسى ئۆزلىرىگە كۆرسەتكەن يەردىكى دۇنيانى ئېچىشقا كىرىشىپتۇ. ھەممىدىن ئاۋۋال چوڭ ئوغلى بايىقى كۆرسەتكەن يەرنى ئېچىپ قارىسا، ئىچىدىن يوغان بىر قوچقارنىڭ مۈڭگۈزى چىقىپتۇ. مۈڭگۈزنىڭ ئىچىگە بىر پارچە خەت سېلىنغلىق ئىكەن. خەتنى ئېلىپ ئوقۇسا، ئۇنىڭدا: «چوڭ بالامدا بار دېگەنگە مۇنۇ مۈڭگۈز» دەپ يوغان ھەرپ بىلەن يېزىلغانىكەن. بۇنى كۆرۈپ ئوغۇل دەردىنى ئىچىدە بىلىپ قاپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغلىمۇ دۇنيا بار جاينى ئېچىپ قارىسا، بىر يوغان مۈڭگۈز چىقىپتۇ. مۈڭگۈز ئىچىدىكى خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ باقسا: «ئوتتۇرانچى بالامدا بار دېگەنگە مۇنۇ مۈڭگۈز» دەپ يېزىقلىق ئىكەن. كەنجى ئوغۇلمۇ مال بار يەرنى ئېچىپ قارىسا، ئۇنىڭغىمۇ بىر يوغان مۈڭگۈز قويۇلغان بولۇپ، ئىچىدىكى خەتتە: «كىچىك بالامدا بار دېگەنگە ماۋۇ مۈڭگۈز» دەپ يېزىقلىق ئىكەن.

ھەر ئۈچ ئوغۇل دەسلەپتە ئاتىسىنى باقماي تاشلىۋەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ، دەردىنى ئىچىگە يوشۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ[1].

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىسمايىل ئاخۇن

خاتىرىلىگۈچى: سوپى سەلەي

---

[1] «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن ئېلىندى

# ئىگىسىگە قايتقان مال

ئۆتكەن زاماندا بىر باي ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ بىر توپ ئوغرىلارغا باشلىق ئىكەن. باي ھەر كۈنى كېچىدە ئۆز ئوغرىلىرىنى ئوغرىلىققا بۇيرۇپ كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىتىپ، بايلىقنى ئاشۇرىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈن بۇ باي بىر ئوغرىنى كېچىدە ئوغرىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئەمما، بۇ ئوغرى كۆپ يەرنى كېزىپ مۈلۈكلۈكرەك ئۆيلەردىن بىرەرسىگە تېگىشكە ئىلاج تاپالماي، تاڭغا يېقىن بىر كەمبەغەل ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىرىپتۇ ۋە ئېلىپ كېتەلەيدىغان ۋەجلەرنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۆي ئىگىسى ـــ كەمبەغەل بوۋاي ئوغرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئارقىسىدىن مېڭىپ، ئوغرىنىڭ مۈلۈكلەرنى باينىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىۋاپتۇ، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ تاڭ ئاتقاندا ئۆيدە قالغان چۇۋۇق بورا، كونا ئاشتاختا، ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى چېگىپ يۈدۈپتۇ ـ دە، خوتۇن بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇدۇل باينىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ.

ـــ ھە بۇ يەرگە كېلىپ قاپسەنغۇ؟ ـــ دەپتۇ باي ھەيران

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

بولغان هالدا.

— تەقسىر، — دەپ سەۋەبىنى ئېيتىپتۇ كەمبەغەل دېھقان، — چاكارلىرىنى كىچە بىزنىڭ ئۆيگە ئەۋەتكەن ئىكەنلا، ئۇلار بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ سەرەمجانلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ ئۆيگە يۆتكەپ كەلدى، مەن: «باي غوجام بىللە ئولتۇرايلى، كۆچۈپ كەلسۇن» دەپ ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ دەپ، ئۇنتۇپ قالغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدىم، بىزنى قايسى ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرىلىكىن؟

باي، پاراسەتلىك كەمبەغەلنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ رەسۋايى شەرمەندىچىلىكتە نېمە دېيىشىنى بىلمەي زۇۋانى تۇتۇلۇپتۇ ۋە ئىزا ـ ئەلەمدىن ئوغرىسىغا ئوغرىلاپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كەمبەغەلنىڭ ئۆيگە ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. كەمبەغەل باي ئۇستىدىن غەلىبە قىلىپ خۇشال قايتىپ كەپتۇ①.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ھاجى بەگ

خاتىرىلىگۈچى: مەخسۇم ھاجى ھوسۇيۇن ئوغلى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: خەيرىنسا سېيىت

① «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن ئېلىندى.

# ئىككى باي

بۇرۇنقى زاماندا پالتىۋاي بىلەن پاساۋاي دېگەن ئىككى باي ئۆتكەنىكەن. پالتىۋاي يۇقىرىقى مەھەللىنىڭ، پاساۋاي تۆۋەنكى مەھەللىنىڭ پۈتۈن يەر، سۇ، چارۋىلىرىغا ئىگە ئىكەن.

بۇلار سىرتتىن قارىغاندا ناھايىتى ئىناق، يېقىن ئاغىنىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئىچىدە بىر - بىرىنى ئۆلگۈدەك يامان كۆرۈشىدىكەن.

ئۇلار ھەمىشە بايلىق، مەنسەپ، ئابرۇي تالىشىپ، ئارقىلىرىدىن غەيۋەت - شىكايەت قىلىپ بىر - بىرلىرىگە ئورا كولىشىدىكەن. ئەپ تاپسىلا بىر - بىرسىنى ئورىغا چۈشۈرۈشكە، ھېچ بولمىغاندا بىر - بىرلىرىنى كەم سۇندۇرۇشقا تىرىشىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇلار بىر چوڭ مەرىكىگە بېرىپتۇ. مەرىكىگە پالتىۋاي بىر بۇلاقتەك سېمىز، يورغا، قومۇش قۇلاق، تورۇق قاشقا ئات مىنىپ كەپتۇ.

پالتىۋاينىڭ بۇ ئېتىنى كۆرۈپ ھەسەتخور پاساۋاينىڭ ئىچى ئاداپ كېتىپ تۇرالماي قاپتۇ. شۇ يەردىن ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غالچىسىغا:

— سەن ئاستا بېرىپ، پالتىۋاينىڭ ئاشۇ تورۇق قاشقا ئېتىغا بىزنىڭ ئاتنىڭ ئېىنىنى سېلىپ قويغىن، بۇنى ھېچكىم ئۇقمىسۇن جۇمۇ؟ — دەپتۇ. باينىڭ يېقىنى:

— خوپ، باي ئاكا، — دەپتۇ ـ دە، كۆرۈنمەي بېرىپ، تورۇق قاشقىنىڭ قۇلىقىغا پاساۋاينىڭ ئېتىنىڭ ئېىنىنى سېلىپ قويۇپ سورۇنغا قايتىپ كەپتۇ. تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغان پاساۋاي ئۇنى كۆرۈپ ئاستا ئىشارەت بىلەن: «ئىشنى توغرىلىدىڭمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. باينىڭ يېقىنى «ھە...ئە» دېگەننى قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپتۇ.

پاساۋاي ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ: «ئەمدىغۇ رەسۋا قىلارمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

— پالتىۋاي، بۇگۈن ئۆزلىرى بۆلەك ئات مىنىپ كەپتىلا. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مىنىپ يۈرگەن ئاتلىرى قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ پاساۋاي.

پالتىۋاي:

— بۇرۇنقى ئېتىم ئەجەللەپ قالغانتى، — دەپتۇ.

— بۇ ئاتنى نەدىن ئالدىلا؟! — دەپ سوراپتۇ يەنە پاساۋاي. بۇ گەپكە ھەيران بولغان پالتىۋاي.

— ئەجەب گەپ قىلىلىغۇ؟! مەن بۇ ئاتنى نەدىن ئالاتتىم،

يايلاقتىكى ئاتلىرىمنىڭ ئارىسىدىن تاللاپ ئەكەلدۇردۇم، — دەپتۇ غەزەپ بىلەن.

پاساۋاي پىسەنت قىلماستىن:

— ئاچچىقلىرى كەلمىسۇن، پالتىۋاي، مېنىڭ يايلاقتا ئۆزۈم مىنىمەن دەپ ئويلاپ يۇرگەن مۇشۇنداق بىر تۇرۇق قاشقا ئېتىم بار ئىدى، ئۇچ ئاي بولدى ئۇ يوقاپ كەتكىلى، بۇ ئات شۇنىڭغا ئوخشايدىكەن، سىلىنىڭ ئاتلىرىغا قوشۇلۇپ قالغان بولسا، شۇنى مىنىپ كەلدىمكىن دەيمەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پالتىۋاينىڭ جان - پىنى چىقىپ كېتىپتۇ - دە:

— كۆزۈڭگە چۇمبەل تارتىۋالدىڭمۇ؟ كىمنى ئوغرى تۇتۇۋاتىسەن؟ ئاغزىڭغا بېقىپ جۆيلۈگىن! — دەپ بىردىنلا سەنلەپ چۇشۇپتۇ.

پاساۋايمۇ بوش كەلمەي:

— «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دە، نېمانداق يوغان سۆزلەيسەن؟ ئاتنىڭ ئېنىنى كۆرۈپ ئاندىن چوڭ گەپ قىل! — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن سورۇن بۇزۇلۇپ، پۈتۈن جامائەت ئاتنىڭ قېشىغا چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئاتتا راست دېگەندەك پاساۋاينىڭ ئېنى تۇرغان.

پالتىۋاي ئاتتىنمۇ كۆرە، بۇ ئىزا ـ ئاھانەتكە چىدىماي، پاساۋاينىڭ تۆھمىتىنى تەن ئالماپتۇ. ئىككىسى يەنە تەگىشىپ «سەن ـ سەن» دېيىشىپ قاپتۇ. جېدەل ئۇلغىيىپ، ئۇلار قازى ئالدىغا بېرىپتۇ. قازى ئىككى باينىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىككى ئارىدىن كۆپرەك بىر نەرسە يۇلۇش قەستىگە چۈشۈپتۇ. بىر كۈن ئۇ بايغا، بىر كۈن بۇ بايغا يان بېسىپ دەۋانى ئەتەي كەينىگە سۈرۈپتۇ، بۇلار بىر نەچچە كۈن دەۋالىشىپ يۈرۈپتۇ، لېكىن دەۋا بىر تەرەپ بولماپتۇ. پالتىۋاي قازىنىڭ دەۋانى ئەتەي كەينىگە سۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ، ئاخشىمى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ ـ دە:

— تەقسىر، بۇ تۇغما مېنىڭ ئېتىم، پاساۋاي ئۆز ئېتىنى سېلىپلا، قەستەن ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ، سىلە دەۋانى ئادالەت بىلەن سورىسىلا، ھە، راست، سىلى بىر چوڭراق پالتام يوق دەپ يۈرەتتىلە، تەقسىر بۇنى سىلى تۇتسىلا، — دەپ بىر پالتا پارە بېرىپ قايتىپتۇ.

ئەتىسى قازى دەۋادا ھە دەپ پالتىۋايغا يان بېسىپتۇ.

پاساۋاي قازىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن، پالتىۋاينىڭ بىر نېمە پارا بەرگەنلىكىنى بايقاپتۇ ـ دە، ئاخشىمى ئۇمۇ قازىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭغا بىر موزاي پارا بېرىپتۇ.

ئەتىسى قازى بىردىنلا پاساۋايغا يان بېسىپتۇ. پالتىۋاي

قازىنىڭ بۇ ئىشىغا چىدىماي ئاچچىقى بىلەن:

— تەقسىرىم، دەۋانى چوڭ پالتىدا ئوتۇن يارغاندەك ئادىل، كەسكىن سورىسىلىچۇ؟! — دەپتۇ.

قازى پىسەنت قىلماستىن:

— ئۇ دېگەنلىرىڭىز توغرا، لېكىن كىچە پالتىنىڭ سېپىغا موزاي تېزەكلەپ قويۇپتۇ، — دەپتۇ ـ دە، ئاتنى پاساۋايغا بۇيرۇپ بېرىپتۇ[1].

ئېيتىپ بەرگۈچى: روزى سابىت
رەتلىگۈچى: ئەرشىدىن تاتلىق
توپلىغۇچى: خەيرىنسا سىيىت

① «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

# قارامۇقچىنىڭ پىيزى

بۇرۇن قارامۇقچى دېگەن يېزىدا بىر كىشى ياشىغانىكەن. بۇ يېزىدا قەدىمدىن تارتىپ پىياز بەكمۇ ئوخشايدىغان بولغاچقا، ئۇ كىشىمۇ ھەر يىلى پىيازنى كۆپ تېرىپ نۇرغۇن ھوسۇل ئالىدىكەن. ئۇنىڭ بازار ئىچىدە بىر قاسساپ ئاغىنىسى بار ئىكەن. ئۇ كىشى ھەر قېتىم بازارغا كىرگەندە، قاسساپ ئاغىنىسىغا بىرەر خالتا پىياز ئالغاچ كىرىدىكەن. قاسساپ بولسا، ئۇ دائىم كىرگەندە خوتۇنىغا گۆشلۈك، مايلىق پېتىر مانتا، قورداق، پولۇ، پەرمۇدە قاتارلىق ئالىي تاماقلارنى ئەتكۈزۈپ بېرىدىكەن. ئەمما بۇ كىشى ئالدىغا كەلگەن ھەر قانداق تاماقنى بىرىنچى ئېغىز تەگكەندىلا:

— ھەي، ھەي، بىزنىڭ قارامۇقچىنىڭ پىيزىدا قالتىس تاماق ئوخشايدۇ جۇمۇ! — دەيدىكەن.

ئۇنىڭ دائىم قاسساپنىڭ گۆش مېيىنى تىلغا ئالماي، ئۆزىنىڭ پىيزىنى ماختاپ تاماق يېيىشى قاسساپنىڭ بەكمۇ جېنىغا تېگىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ يەنە قاسساپنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، قاسساپ خوتۇنىغا:

— خوتۇن، بۈگۈن پېتىر مانتا ئەت. غىچلا پىياز چاناپ،

پەقەت گۆش ـ ماي ئارىلاشتۇرماي بىر تەخسە چىققۇدەك مانتا تۈگۈپ قوي، ئۆزىمىزگە ئادەتتىكىدەك گۆشلۈك تۈگەرسەن، ــ دەپتۇ.

خوتۇن ئېرىنىڭ دېگىنى بويىچە تاماقنى تەييارلاپتۇ. داستىخان سېلىنىپ، ھورى، چىقىپ تۇرغان مانتا كەلتۈرۈلۈپتۇ. قاسساپ ھېلىقى ئالاھىدە تەييارلانغان پىياز مانتىسىنى مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

ــ قېنى بېقىڭلار بۇرادەر، ــ دەپتۇ قاسساپ مېھماننى غىزاغا تەكلىپ قىلىپ.

مېھمان مانتىدىن بىرنى قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن يەۋېتىپتۇ. ساھىبخانىنىڭ زورلىشى بىلەن يەنە بىرنى تەستە يەپتۇ. ئەمما قاڭسىق پىيازنىڭ تەمى كۆڭلىنى ئاينىتىپتۇ ـ دە، قايتا داستىخانغا قول ئۇزاتماپتۇ.

ــ قېنى، قېنى، مەرھەمەت، تاماق سوۋۇپ قالدى، ــ دەپتۇ قاسساپ.

ــ ھەي ھېچلا ئىشتىھايىم يوق ياكى مىجەزىم يوقمۇ بىلمىدىم، ئىشقىلىپ تاماق ئاغزىمغا بىر قىسمىلا تېتىيدىغۇ، ــ دەپتۇ مېھمان ئوڭايسىزلىنىپ.

ــ ئەمىسە، ماۋۇنىڭدىن يەڭلا، قېنى مەرھەمەت، ــ دەپتۇ قاسساپ ئالدىدىكى تاۋاقنى مېھمان تەرەپكە سۈرۈپ.

مېھمان ئۇنىڭدىن بىرنى يەپتىكەن، ناھايىتى مەززىلىك تېتىپتۇ.

— ھە، ماۋۇنىڭ تەمى بۆلەكچىلا ياخشىغۇ، — دەپتۇ ئۇ.

قاساپ تەنلىك كۈلۈمسىرەپ:

— ئاۋۇ بولسا، قاراموقچىنىڭ داڭلىق پىيىزى بىلەنلا تۈگۈلگەن مانتا. ماۋۇنىڭغا بولسا، قاساپنىڭ گۆش يېغىمۇ ئارىلاشقان. دېمەك، قاراموقچىنىڭ پىيىزىغا قاساپنىڭ گۆش يېغى ئارىلاشتۇرۇلمىسا تاماقنىڭ لەززىتى بولمايدۇ - دە، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مېھمان خىجالەتتىن لام - جىم دېيەلمەي قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بازارغا كىرگەندە، ئاغىنىسىنىڭ ئالدىدا قاراموقچىنىڭ پىيىزى ھەققىدە پەقەتلا ئېغىز ئاچمايدىغان بوپتۇ.

## جاپا چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق

ئۆتكەن زاماندا بىر كىشى ياشىغانىكەن. ئۇ كىشى تۇرمۇشتا ناھايىتى پۇختا، ئىنچىكە ھېسابلىق، پىلانلىق ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ 12 ياشلىق بالىسى بىلەن بازارغا مېڭىپتۇ. ئاتا بالا ئىككى ئېشەككە مىنىپ كېتىۋاتسا، يولدا توپىلارنىڭ ئارىسىدا بىر دات باسقان تاقا ياتقانىكەن. ئاتا ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، ماۋۇ تاقىنى ئېلىۋالساڭچۇ، بىكار توپىنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالمىسۇن، بىرەر نەرسىگە كېرەك بولۇپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

— ۋايجان، كېتىۋېرەيلىلا، دات باسقان ئەسكى تاقا نېمىگە لازىم بولماقچىدى؟ — دەپتۇ بالا ئېشەكتىن چۈشۈشكە ئېرىنىپ.

ئاتىسى ئۇشۇق گەپ قىلماپتۇ - دە، ئۆزى ئېشەكتىن چۈشۈپ تاقىنى ئاپتۇ، خۇرجۇنغا سېلىپ قويۇپ، يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار بازارغا كىرىپ سودا - سېتىق، ھەممە ئىشلىرىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئاتىسى ھېلىقى تاقىنى تۆمۈرچىگە ئېلىپ بارغانىكەن، تۆمۈرچى تاقىنى ئېلىپ قېلىپ، بىر يارماق بېرىپتۇ. بۇ بىر يارماققا ئاتىسى بىر سىقىم جىگدە، قاق سېتىۋاپتۇ دە، بالىغا بىر تالمۇ بەرمەي يانچۇقىغا سېپتۇ. ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا، بالىنىڭ بىر نەرسە يېگۈسى كەپتۇ ـ دە، دادىسىدىن سوراپتۇ. دادىسى بىر تال قاقنى ئېلىپ يولغا چۆرۈپتۇ. بالا دەررۇ ئېشەكتىن چۈشۈپ ئۇنى ئېلىپ پۈۋلىۋېتىپ ئاغزىغا ساپتۇ. ئارقىدىنلا يەنە بىرنى تاشلاپتۇ. بالا ئۇنىمۇ ئېلىپ يەپ ئەمدىلا ئېشەككە مىنىشىگە يەنە بىرنى تاشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر ئوچۇم قاق تۈگىگىچە بىچارە بالا تالاي قېتىم ئېشەككە مىنىپ، ئېشەكتىن چۈشۈپتۇ. ئاخىرى بالا تېرىكىپ:

— ھەي دادا، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ مېنى بۇنداق قىيىنغۇچە، قاقنى ماڭا بىراقلا بەرسىڭىز بولماسمىدى؟ — دەپتۇ.

— ھە، تېخى شۇنداقمۇ؟ بايا «تاقىنى ئېلىۋال» دېسەم نېمە دېدىڭ؟ ئەجەب يەيدىغان چاغدا ئېشەكتىن تالاي قېتىم ئېرىنمەي چۈشتۈڭغۇ؟ بىر ئىشنى قىلماق ئەنە شۇنداق تەس، لېكىن نان يېمەك بەكمۇ ئاسان. جاپا چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق. ھالال ئەمگەك بىلەن تەر ئاققۇزۇپ نان يېيىش كېرەك ئوغلۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاتىسى [1].

ئېيتىپ بەرگۈچى: نىياز مەخسۇت
خاتىرىلىگۈچى: ماھنۇر ياقۇپ

① «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن ئېلىندى.

## نىيسى — نەس

زامانى ئاۋۋالدا تەكلىماكان ۋادىسىدىكى گۈزەل بىر يۇرتتا ئەخمەت ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. بۇ ئادەمنىڭ ھال - كۈنى خېلى يامان ئەمەس بولسىمۇ، لېكىن تېخىمۇ كۆپرەك پۇل تېپىپ، تېخىمۇ باياشاتراق ياشاشنى ئويلايدىكەن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەخمەت سودىگەرچىلىك قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، توخۇ - تۇمان، مال - ۋارانلىرىنى سېتىپ، ئالتە تۇياق ئات ئاپتۇ ھەمدە ئاشقان پۇلىغا مال ئېلىش ئۈچۈن يىراق بىر شەھەرگە قاراپ ئاتلىنىپتۇ. ئەخمەت نۇرغۇن جەبىر - جاپالارنى چېكىپ ئالتە ئاي بولغاندا ئالتە ئاتقا مال ئېلىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ ۋە سودىگەرچىلىكنى باشلىۋېتىپتۇ.

ئەخمەتنىڭ سودىسى خېلى راۋاجلىنىپ ئېلىپ كەلگەن ئالتە ئاتلىق مېلىدىن تەڭدە تەڭ پايدا ئاپتۇ. ھال - كۈنىمۇ ئىلگىرىكىدىن خېلىلا ياخشىلىنىپتۇ. ئىككى - ئۈچ ئايغا قالماي ماللىرى تۈگەپ، يەنە مال ئەكېلىش ئۈچۈن ئالتە ئاتنى جابدۇپ سەپەرگە چىقىپتۇ. ئەخمەت بۇ قېتىم تېخىمۇ كۆپرەك مال ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن قولىدىكى پۇللارغا مال ئالغاندىن سىرت، يەنە نىسىگە ئالتە ئېشەكلىك مال ئېلىپ قايتىپتۇ. لېكىن، ئەخمەت

يۇرتىغا بارغاندىن كېيىن، بۇ قېتىملىق سودىسى تازا ياخشى بولماي قاپتۇ، چۈنكى سودا قىلغان دەسلەپكى كۈنى ئەتىگىنى يۇرتىنىڭ ئەڭ چوڭ بېيى دۇكانغا كىرىپ 100 تىللالىق مال ئاپتۇ دە، ئەخمەتكە:

— ئۇكا، ھازىر قولۇمدا پۇل يوق. تاغدىكى مالچىلىرىمغا خەۋەر بېرەي، 10 ~ 20 قوچقار ئەكەلسۇن، شۇنى سېتىپ پۇلۇڭنى بېرىۋېتەي، — دەپلا چىقىپ كېتىپتۇ. ئەخمەت يا ياق، يا ماقۇل دېيەلمەي تۇرۇپلا قاپتۇ.

ئەتىسى ئەخمەتنىڭ قېيىنئاتىسى دۇكانغا كېلىپ 50 تىللالىق مال ئاپتۇ ۋە دۇكاندىن چىقار چېغىدا ئەخمەتكە:

— ئەخمەت، سودىگەرچىلىك قىلىپ نۇرغۇن پۇل تاپتىڭ. مەندە ئازراق پۇلۇڭ تۇرغانغا ھېچنېمە بولماس، كېيىن قولۇمغا پۇل كىرگەندە خوتۇنۇڭدىن ئەۋەتەي، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئەخمەت بۇنىڭغىمۇ بىر نېمە دېيەلمەپتۇ. ئارىدىن ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتۈپ ئەخمەتنىڭ سودىسى ئازراق ياخشىلىناي دېگەندە، ئەخمەتكە ئالتە ئېشەكلىك نىسى مال بەرگەن سودىگەر دۇكانغا كېلىپ مالنىڭ پۇلىنى سوراپتۇ. ئەخمەت سودىگەرگە:

— جېنىم بۇرادەر، ھازىر سودام پەقەت ياخشى ئەمەس، ماللىرىمنىڭ تەڭدىن تولىسى نېسىگە كەتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بەرسەم، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ھېلىقى سودىگەر:

— بۇرادەر، مەن ساڭا دەپ قوياي، نېسى — نەستۇر، ھەپتىلىكى پەستۇر، — دەپتۇ - دە، ئۆرۈلۈپلا چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەخمەت سودىگەرنىڭ بۇنداق ئاسان كەتكەنلىكىدىن خورسەن بوپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە يۇرتنىڭ مىڭبېگى ئەخمەتنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ ئۈچ ئاتلىق مالنى بىراقلا ئاپتۇ. مىڭبېگى ماللارنى ئىنتايىن ئەرزان ئالغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە ئەخمەتكە:

— ھوي ئەخمەت، سودىگەرچىلىك قىلىپ نۇرغۇن پۇل تاپتىڭ. ھازىر كىشىلەر سېنى «موللا قىممەت» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. مۇنۇ ئۈچ ئاتلىق مېلىڭنى ئېلىپ كېتەي. قول ئاستىمدىكىلەر سېتىپ بولغاندىن كېيىن پۇلۇڭنى غوجىداردىن ئەۋەتەي، — دەپلا ئەخمەتنىڭ ماقۇللۇقىنىمۇ ئالماستىن دورغىلىرىنى باشلاپ مالنى ئېلىپ كېتىپتۇ. «زامان زورنىڭ» بولۇپ كەتكەن ئاشۇ زاماندا ئەخمەت بىچارە يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلمەي، تۇرغان جايىدىلا ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

ئەخمەتنىڭ دۇكىنىدا ئازراقلا مال قاپتۇ، نۇرغۇن ماللىرى نېسى بولۇپ كەتكەچكە، قايتا مال ئەكېلەلمەپتۇ. ئەخمەت دۇكىنىدا شۇنداق ئولتۇرسا، ئەخمەتنىڭ كىچىكىدىن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان بىر دوستى دۇكانغا كېلىپ 40 تىللالىق مال ئاپتۇ ۋە ئەخمەتكە:

— ئاداش، ئوغلۇمنىڭ توينى قىلىپ پەرزىمنى ئادا قىلاي دېگەنىدىم، ئىقتىسادتا ئىنتايىن قىيىنىلىپ قېلىۋاتىمەن. ماۋۇ 40 تىللا پۇلۇڭنى كۈزگىچە بەرسەم، — دەپ ھال ئۇقۇپتۇ.

ئەخمەت دۆكىنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىرمۇبىر بايان قىلىپ ئاخىرىدا دوستىغا:

— ئاداش، ساڭا دېسەم قولۇمدا قالغىنى پەقەتلا مۇشۇ قىرىق تىللالىق مال. قالغانلىرى خەقنىڭ قولىدا. خاپا بولمىساڭ، مەن ئىشلىرىمنى ئازراق ئوڭشىۋېلىپ، ئاندىن ساڭا بىر ئاتلىق مالنى بىكارغا بەرسەم، — دەپتۇ. ئەخمەتنىڭ دوستى ئاچچىقلاپ:

— بوپتۇ! پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياڭاق چاققاندا ئايرىلىپتۇق. بۈگۈندىن ئېتىبارەن سەن مېنى ئىزدىمە، مەنمۇ سېنى ئىزدىمەي، — دەپ دوقۇسلاپ مېڭىپتۇ. ئەخمەت دوستىغا چىدىماي، «بولدى ئەكەتكىن» دېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئارىدىن بىر ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە ھېلىقى سودىگەر ئەخمەتنىڭ ئۆيىگە يەنە كەپتۇ. بۇ قېتىممۇ ئەخمەت يىغلاپ تۇرۇپ ھالىنى بايان قىپتۇ. ھېلىقى سودىگەر:

— خەير، مەن ساڭا يەنە دەپ قوياي نېسى — نەستۇر، ھەپتىلىكى — پەستۇر، ئايلىقى — ئاداۋەتتۇر، — دەپتۇ ـ دە، ئەخمەتكە راسا بىر ئالىيىپ قويۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئەخمەتنىڭ ئەھۋالى كۈنسېرى يامانلىشىپتۇ. پۇللىرىنى يىغاي دېسە، بىرى يۇرتىنىڭ يۈزلۈك بېيى، بىرى ئۆز قېيىنئاتىسى، بىرى مىڭبېگى، يەنە بىرى يېقىن دوستى ئىكەن. ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى بىلمەپتۇ، يا ئەخمەت ئۇلارنى قىستاپ تۇتالماپتۇ. شۇنداق بولۇپ ساق بىر يىل ئۆتكەندە ھېلىقى سودىگەر يەنە كېلىپ مالنىڭ پۇللىرىنى بېرىۋېتىشنى ئېيتىپتۇ.

ئەخمەت ئۆز ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىپتۇ:

— سودىگەرچىلىك قىپتىمەن ئالتە ئاتتا،
نەق - نېسى بوپتۇ تونۇش ۋە ياتتا.
تۈتاي دېسەم بىر - بىرىدىن كاتتا،
ئاخىر قاپتىمەن كۆزلىرىم ياشتا.

— مەن ساڭا ئاخىرقى قېتىم دەپ قوياي،
نېسى — نەستۇر، ھەپتىلىكى — پەستۇر. ئايلىقى — ئاداۋەت، يىللىقى — مۇشتتۇر، — دەپتۇ، - دە، ئەخمەتنى ھويلا ئىچىدە قوغلاپ يۈرۈپ راسا دۇمبالاپ ياتقۇزۇۋېتىپتۇ، ئېغىلدىكى ئالتە ئات ۋە ئېشەكنى يېتىلەپ كېتىپ قاپتۇ.

ئەخمەت ئورنىدىن تۇرۇپ سودىگەرنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بوپتۇ ۋە دەرھال باينىڭ ئۆيىگە بېرىپ مالنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتىشنى ئېيتىپتۇ. لېكىن، باي ئەخمەتكە پۇل بېرىشنىڭ ئورنىغا غالچىلىرىنى بۇيرۇپ ئەخمەتنى راسا ئۇرغۇزۇپ قوغلىۋېتىپتۇ.

پۇلنى ئالالمىغانىنىڭ ئۈستىگە ئۆلگۈدەك تاياق يېيىش ئەخمەتكە تولىمۇ ھار كەپتۇ ۋە ئۇدۇل قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مالنىڭ پۇلىنى سوراپتۇ. قېيىنئاتىسى ئىنتايىن خاپا بولۇپ «مەن قېيىنئاتىسى تۇرسام، ئازراق پۇلى ئۆتۈپ قالغانغا قەرز قىستاپ كەپتۇ» دەپ قىزىنى ئەخمەتتىن ئاجراشتۇرۇپ

ئۆيگە ئەكىلىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئەخمەت خوتۇنىدىن ئايرىلىپتۇ. ئەخمەت ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى مىڭبېگىگە باغلاپ مىڭبېگىنىڭ سارىيىغا كەپتۇ ۋە ئۈچ ئاتلىق مالنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتىشنى ئېيتىپ يالۋۇرۇپ يىغلاپتۇ. لېكىن مىڭبېگى ئەخمەتكە:

— ھەي ئەخمەت دېگەن چۇپرەندە! مەن سەندەك قوڭالتاقتىن ئۈچ ئاتلىق مال ئاپتىمەنما، نېمە ماڭا تۆھمەت قىلىسەن! — دەپ ئەخمەتنى باغلاپ زىندانغا تاشلاپ، ئەخمەتنىڭ ئۆيۋاقىسىنى تارتىۋاپتۇ. ئەخمەت ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ زىندانغا چۈشكەندىن كېيىن ئىلىشىپ ساراڭ بولۇپ قاپتۇ. «نېسى — نەس» دېگەن سۆز ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن ①.

توپلىغۇچى: ئېزىز قاسىم

① «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى.

# زالىملىقنىڭ ئاقىۋىتى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر جاڭگالدا شىر، كېيىك ۋە مايمۇن بىللە ياشايدىكەن. ئۇلار ئىناق قوشنىلاردىن ئىكەن. شىر ھەر كۈنى يىراق جايدىن بەزى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ بالىلىرىغا ئېلىپ كېلىدىكەن ۋە بارغۇچە ـ كەلگۈچە ئۇۋىسى ئالدىدا ئويناۋاتقان كېيىك بالىلىرىنى كۆرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىر ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇلارنىڭ بىرىنى تۇتۇپ ئوزۇقلۇق قىلىپ، دالىغا بېرىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەش ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلسام،» دەپ ئويلاپتۇ ـ يۇ، قوشنىدارچىلىق يۈزىسىدىن بۇ ئويىدىن ۋاز كېچىپتۇ. لېكىن ئاچ كۆزلۈكىدىن ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېيىكنىڭ ئۇ نېمە دېسە غىڭ قىلالمايدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كېيىك بالىسىدىن بىرنى تۇتۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشنى بىلگەن ئانا كېيىك قاتتىق ئازابلىنىپتۇ ھەم ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپتۇ ۋە بۇ ئىشنى مايمۇنغا دەپتۇ. مايمۇن ئۇنىڭغا:

ــ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلمىغىن، شىر بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈپمۇ قالار، بىز ئۇنىڭغا بۇ گەپنى ئوچۇق ئېيتالمايمىز، ئەمما مەن ئۇنىڭغا زومىگەرلىكنىڭ ئاقىۋىتى ۋە قوشنىلارنى

ئاياش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ باقاي، — دەپتۇ.
ئەتىسى شىر يەنە بىر كېيىك بالىسىنى تۇتۇۋاپتۇ، يولدا ئۇنىڭغا مايمۇن ئۇچراپ، سالام - سەھەتتىن كېيىن، كېيىكنىڭ ئىشىنى سوراپتۇ. شىر ئۆكتەملىك بىلەن:
— مېنىڭ كېيىك بالىلىرىنى ئۇۋىسى ئالدىدىن تۇتۇپ يېيىشىم بىلەن تاغ ئەتراپىدىن تۇتۇپ يېيىشىمنىڭ پەرقى يوق! مەن تەقدىر ئىشىكىم ئالدىغا ئەكىلىپ بەرگەن رىزقىمنى تاشلىۋېتىدىغانلاردىن ئەمەسمەن، — دەپتۇ.
— پىل ئۆزىنىڭ چوڭلۇقى، كۈچلۈكلۈكى بىلەن سەندەك تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى ئورا كولىغانىدى، — دەپتۇ مايمۇن. شىر:
— بۇ قانداق ئىش؟ — دەپ سورىغانىكەن، مايمۇن ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:
بۇرۇن بىر تورغاي بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن بالىلىرى بار ئىكەن. تورغاينىڭ ئۇۋىسى ئەتراپىدا بىر پىل بولۇپ، ئۇ دائىم ئۇۋا ئالدىدىن ئۆتۈپ سۇ ئىچكىلى بارىدىكەن.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە پىل تورغاينىڭ ئۇۋىسى قېشىدىن ئۆتۈۋېتىپ، ئۆزىچىلا ئۇۋىنى دەسسەپ - چەيلەپ، تۇخۇملارنى چېقىپ، بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. تورغاي قايتىپ كېلىپ، قاتتىق ئازابلىنىپتۇ ھەمدە بۇ ئىشنى پىلنىڭ قىلغىنىنى بىلىپ، ئۇچۇپ بېرىپ پىلنىڭ بېشىغا قونۇپ يىغلاپ تۇرۇپ:
— ئى شاھىم، بىز سىزنىڭ پاناھىڭىزدا تۇرساق، سىز

ئېمىشقا ئۇۋامنى بۇزۇپ، باللىرىمنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭىز، سىز مېنى بوزەك قىلىپ، كەمسىتىپ شۇنداق قىلدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ. پىل ھاكاۋۇرلۇق بىلەن:

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تورغاي ئامالسىز قۇشلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارغا پىلنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى ئېيتىپتۇ ۋە تۈمەن تۇمشۇق بىلەن قاغىغا:

— سىلەر بېرىپ ئۇنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتسەڭلەر، قالغان چارىسىنى ئۆزۈم قىلاتتىم، — دەپتۇ. ئىككىسى ماقۇل بولۇپ، ئۇچۇپ بېرىپ پىلنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىپتۇ. پىل يېمەكلىك تاپالماس ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ چاغدا تورغاي دەرياغا بېرىپ دەريادىكى پاقىلارغا ھالىنى ئېيتىپتۇ ۋە ئۇلارغا:

— سىلەر پەقەت مەن بىلەن بېرىپ ئۇنىڭغا يېقىن جايدىكى ھاڭدا تۇرۇپ كوركىرايسىلەر، ئۇ سىلەرنىڭ ئاۋازىڭلارنى ئاڭلىسا، ئاۋاز چىققان جايدا سۇ بار، دەپ ئويلاپ، ئۆزى ھاڭغا چۈشىدۇ، — دەپتۇ. پاقىلار تورغاينىڭ دېگىنىدەك، ھاڭ ئىچىدە كوركىرىغانىكەن، پاقىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان پىل شۇ يەردە سۇ بار، دەپ ئويلاپ ئالدىرىغان پېتى كېلىپ ھاڭغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ھوشىغا كېلىپ چىقىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ چىقالماپتۇ.

شىر ئىبرەت ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي كېيىك قالغان باللىرىنى ئېلىپ باشقا يەرگە كۆچۈپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆنلەرنىڭ بىرىدە شىر باللىرىنى قالدۇرۇپ، ئوۋ ئوۋلىغىلى چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئوۋچى شىر باللىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى تۇتۇپ، تېرىسىنى سويۇپ ئېلىۋېلىپ، گۆشىنى تاشلىۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ. شىر قايتىپ كېلىپ باللىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، تېرىلىرىنىڭ سويۇۋېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپتۇ ۋە غەزەپكە كېلىپ ھۆركىرەپتۇ. شىرنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان مايمۇن كېلىپ نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ ۋە شىرنىڭ ھالىنى ئاڭلاپ:

— ۋايىسىما، باشقىلارنىڭ قىلغىنىنىغا باشقىلار سېنىڭ قىلغىنىڭغا سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىل، تەقدىرنىڭ جازاسى ھېسابلىقتۇر، جاھىللار ئۆزگە تەقدىر ئوقىنىڭ قەيەردىن تېگىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، — دەپتۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ ئۆزىنىڭ زومىگەرلىكى تۈپەيلىدىن كەلگەنلىكىنى بىلگەن شىر، شۇنىڭدىن باشلاپ ھايۋانلارنى خالىغانچە ئوۋلاشتىن توختاپتۇ[①].

ئەرەبچىدىن مەمتىمىن تۇرسۇن تەرجىمىسى

① «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى.

# قاسساپ بىلەن جوۋازچى

بۇرۇنقى زاماندا بىر شەھەردە قاسساپ بىلەن جوۋازچى ياشايدىكەن ۋە ناھايىتى يېقىن دوستلاردىن ئىكەن.

قاسساپ ھەر كۈنى قوي گۆشى بىلەن ئۆچكە يېغىنى، جوۋازچى زىغىر يېغى بىلەن ئاپتاپپەرەس يېغىنى ئارىلاشتۇرۇپ ساتىدىكەن. ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ سىرىنى بىلىدىكەن، بىراق ھېچ كىشىگە ئاشكارا قىلمايدىكەن. قاسساپقا ئاپتەپپەرەس يېغى زىيان قىلىدىكەن، جوۋازچىغا ئۆچكە گۆشى زىيان قىلىدىكەن. شۇڭا، ئۇلار دوستلۇقىنى قەدىرلەپ قاسساپ جوۋازچىغا قوي گۆشى ساتىدىكەن، جوۋازچى قاسساپقا زىغىر يېغى ساتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاسساپ ياغ ئالماقچى بولۇپ جوۋازچىنىڭ دۇكىنىغا كەپتۇ ـ دە:

ــ زىغىر يېغىدىن ئىككى جىڭ بېرىڭ، ــ دەپتۇ.

بىراق بۇ چاغ جوۋازچىنىڭ يېنىدا بىر نەچچە خېرىدار بولۇپ، ئۇلار جوۋازچىنىڭ ئالدىدىكى ياغدىن گۇمانلىنىپ تۇرغانىكەن، جوۋازچى ھېلىقى خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن:

— بۇ ساپ زىغىر يېغى، — دەپتۇ ـ دە، قاسساپقا ئاپتەپپەرەس يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان زىغىر يېغىنى سېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن خېرىدارلار: «جۇۋازچى دوستىغا (زىغىر يېغى) دەپ ساتقانغا قارىغاندا، راستتىنلا زىغىر يېغى ئىكەن» دەپ ئىشىنىپ، قالغان ياغلارنىڭ ھەممىسىنى بىردەمدىلا ئېلىپ بوپتۇ.

شۇ كۈنى جۇۋازچىنىڭ ئۆيدىمۇ گۆش تۈگىگەنىكەن، جۇۋازچى قاسساپنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئىلغۇدا پەقەت ئىككى پارچە گۆش قالغانىكەن، بىر پارچىسى يېغى يوق «قارا گۆش» بولغاچقا، بىر نەچچە خېرىدار:

— ماڭا بەرسىلە، — دەپ پۇل تەڭلەپ تۇرغانىكەن، بۇنى كۆرگەن جۇۋازچى:

— بۇ قارا گۆشنى مەن ئالاي دەپتۇ ـ دە، يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، قاسساپقا:

— بۇ قارا گۆشنى ماڭا بېرىڭ، — دەپتۇ. قاسساپ:

— ماۋۇ سېمىز گۆشنى ئېلىڭ، — دېسە، جۇۋازچى:

— يېغى بار ئىكەن، قارا گۆشنى بېرىڭ، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ:

ئەسلىدە بۇ پارچە «قارا گۆش» ئۆچكە گۆشى بولغاچقا، جۇۋازچىغا ئۆچكە گۆشى زىيان قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان قاسساپ ھېلىقى ياغلىقراق تورغان قوي گۆشىنى بېرەي، دەپ

ئويلىغانىكەن. ئەگەر جۇۋازچىغا: «بۇ ئۆچكە گۆشى» دېسە، ھېلىقى خېرىدارلارنىڭ قاسساپنى «ئالدامچى ئىكەن» دەپ ئىككىنچى گۆش ئالماسلىقى تۇرغان گەپ. تېگىرقاپ قالغان قاسساپ ئاخىرى خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھېلىقى «قارا گۆش» نى جۇۋازچىغا سېتىپ بېرىپتۇ.

ئاخشىمى قاسساپ بىلەن جۇۋازچى دۇكانلىرىنى يىغىپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ ۋە قاسساپ ھېلىقى ياغدا قۇيماق سېلىپ يەپتۇ. جۇۋازچى گۆشتە مانتا ئېتىپ يەپتۇ. لېكىن، كېچىچە ھەر ئىككىسىنىڭ بەدەنلىرى قىچىشىپ زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە قاسساپ تېۋىپنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. ئارقىدىنلا جۇۋازچىمۇ يېتىپ كەپتۇ.

— يەللىك نەرسىلەرنى يەپ قاپسىلەر، شۇڭا يېلىڭلار تېشىپ كېتىپتۇ، — دەپتۇتېۋىپ.

قاسساپ بىلەن جۇۋازچى بىر - بىرىگە قارىشىپ، كۆڭۈللىرىدە بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپتۇ - دە: «مېنىمۇ ئالدىدىڭمۇ؟ ھۇ كاززاپ!» دېيىشىپ، شۇ يەردىلا بىر - بىرىنىڭ ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن تېۋىپ ئۇلارنى قازىنىڭ ئالدىغا بېرىشقا مەسلىھەت بېرىپتۇ.

بۇ ئىككىسىنىڭ قىلمىشىدىن قازى شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە ھەر ئىككىلىسىنى قىرىق دەررە ئۇرۇپ، يۈزىگە قارا

سۈركەپ، خەلقئالەم ئالدىدا سازايى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن، بۇ شەھەرنىڭ سودىگەر ۋە ھۈنەرۋەنلىرى ئالدامچىلىق، كاززاپلىق قىلىدىغان قىلمىشلىرىدىن يېنىپ، كىشىلەرنى ئالدىماي، ئادىل سودا قىلىدىغان بولغانىكەن.[1]

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇغۇپۇر ئابدۇكېرىم

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1990 ـ يىللىق 5 ـ سانى، 116 ـ بەت.

# مەلىكە گۈلزۇر

ئۆتكەن زاماندا ئازىل شاھ ھاكىم دەپ بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ گۈلزۇر ئىسىملىك بىر ساھىبجامال قىزى بار ئىكەن. قىزى 14 ياشقا كىرىپ بالىغ بوپتۇ. پادىشاھ: قىزىم چوڭ بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ لايىغىنى قانداق ھەل قىلىشىم كېرەك؟ دېگەن خىيال بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. ئەمما ئۇ نەدىن بىلسۇن، بىر كۈنىنىڭ ئىچىدىلا يەتمىش پادىشاھنىڭ ئەلچىسى كەپتۇ. بۇ ھال پادىشاھنى تېخىمۇ غەمگە سېپتۇ.

پادىشاھنىڭ قىزى مەلىكە گۈلزۇر تەڭدىشى يوق ئەقىللىق قىز ئىكەن. ئۇ دادىسىنىڭ غەمگە پاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر پارچە خەت يېزىپ دادىسىغا چىقارتىپتۇ. خەتتە: «دادا، مەن ئۈچۈن ئۇنچىۋالا غەم قىلماڭ، مەن ئۆز لايىقىمنى ئۆزۈم تاللايمەن. بىر مەسلىھەتىم بار، سىز شۇنى قوبۇل كۆرسىڭىز، پادىشاھ ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇۋېتىڭ ھەمدە دەرھال ئىش باشلاپ ئوردىمىزنىڭ ئالدىغا بىر باغ بىنا قىلدۇرۇڭ. ئۇ بېھىشتىن نىشان بېرىدىغان باغ بولسۇن، ئۇنىڭ ئىچىدە رەڭگا رەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، تۈرلۈك قۇشلار ـ بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرسۇن، باغنىڭ ئالدىغا بىر بىنا ياسىتىڭ، بىنانىڭ ئۈستىگە

ناغرىخانا سېلىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى ئاۋازلىق ناغرا تەييارلانسۇن، ناغرىنىڭ چوكىسى ئالتۇندىن بولسۇن، ماڭا ئاشىق بولغان يىگىت شۇ ناغرىنى چالسۇن - دە، پۈتۈن ئەل - جامائەت يىغىلسۇن. شۇ مەيداندا مەن ئۇل يىگىتكە تۆت مىسرا بېيىت ئېيتىمەن. ئۇ ھەر بىر مىسرا بېيىتىمنىڭ مەنىسىنى مەنىسىگە، قاپىيەسىنى قاپىيەسىگە دەل كەلتۈرۈپ جاۋاب ئېيتالايدىغان بولسا، مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا تويلۇقسىز قوبۇل قىلىمەن. ئەگەر جاۋاب ئېيتالمىسا، بېشىنى كېسىپ تېنىدىن جۇدا قىلىمەن» دېيىلگەن ئىكەن. پادىشاھ قىزىنىڭ خېتىنى كۆرۈپ، بىر ھازا تۇرۇپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، يۇرتتىكى ئاتاقلىق باغۋەن، تامچى، ياغاچچى، نەققاش… قاتارلىق ئۇستىلارغا بۇيرۇق قىلىپ ئىش باشلاپتۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن ھەممە نەرسە قىزنىڭ خېتىدىكىدەك ئورۇندىلىپتۇ. چاھارباغ شۇنداق گۈزەل ئىكەنكى، باغنىڭ ئىچىدىكى ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان، ھەرخىل - ھەرياڭزا گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان، مېۋىلەر شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي ساڭگىلىشىپ، مەي باغلاپ پىشىپ تۇرغان، ھەر خىل - ھەر رەڭدىكى قۇشلار - بۇلبۇللار خۇش ئاۋازدا سايرىشىپ تۇرغان ئىكەن.

باغ ۋە بىنالار تەلەپكە لايىق پۈتكەندىن كېيىن پادىشاھ قىزىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە شەرتلەرنى تۈزۈپ، ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېلان چىقىرىپتۇ.

پادىشاھ ئېلان چىقارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئىچىدە كەلگەن شائىر

يىگىتلەرنىڭ بىرىمۇ مەلىكە گۈلزۇرنىڭ بېيىتىگە جاۋاب ئېيتالماي 486 كىشىنىڭ كاللىسى ئېلىنىپتۇ.

شۇ كۈنلەردە مەلىكە بېيىت ئېيتىۋاتقان يەرگە يېقىن جايدا قابىز دېگەن بىر بوۋاي تۇرغان ئىكەن. بوۋاي مەلىكىنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق ـ بىقارار بولۇپ هوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ بىر هازادىن كېيىن هوشىغا كېلىپ شۇنداق خىيال قىپتۇكى: ئەي دەرىخا، شۇل مەلىكىنى قولۇمغا كەلتۈرۈۋالسام سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئۈزۈكىنى تاپقاندەك بولۇرمەن. «جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولماس»، مۇبادا مەلىكىنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلۈپ كەتسەم ئىشقى شېھىت بولۇرمەن.

بوۋاي ناغرىخانىغا چىقىپ ناغرىنى سوقۇپتۇ. جىمىكى يۇرت خەلقى ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلاپ توپلىنىشىپتۇ. مەلىكىنىڭ كېنىزەكلىرى چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر قېرى بوۋاي تۇرغۇدەك. كېنىزەكلەر كىرىپ بۇ ئەھۋالنى مەلىكىگە ئېيتىپتۇ. مەلىكە گۈلزۇر كېنىزەكلىرىگە: «قېرى كىشى بىلەن سۆزلىشىشكە نومۇس قىلىمەن، ئۇنىڭ غەرىزى پۇل ـ مالدا بولسا، قانچىكى تەلەپ قىلسا بېرىپ يولىغا سېلىڭلار» دەپتۇ. كېنىزەكلەر چىقىپ: «هەي بوۋا، بۇ خىيالىڭدىن ۋاز كەچكىن، بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ تىرىكچىلىك قىلغىنىڭ غەنىيمەت ئەمەسمۇ؟ ئاشىقلىقىنىڭ دەۋاسىنى قويغىن! مەلىكىنىڭ تىغىدا ناهەق ئۆلمىگىن» دەپتۇ. ئەمما بوۋاي زادىلا ئۇنىماپتۇ. «هەي بوۋا، — دەپتۇ كېنىزەكلەر، — ئەمىسە مۇنداق

بولسۇن، مەلىكىنىڭ ئوردىسىدا بىر سۈرەتكەش بار. بىز ساڭا مەلىكىنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇرۇپ بېرەيلى، شۇ سۈرەتنى كۆرۈپ كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىپ يۈرمەمسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساڭا مال ـ دۇنيا بېرەيلى.»

قابىز بوۋاي مال ـ دۇنيانىمۇ ئالماپتۇ، مەلىكىنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىدىنمۇ كېچىپ، ساتارىنى بويىنىغا ئېسىپ، سۈرەتنى قويىنىغا سېلىپ، تەركىدۇنيا بولۇپ، چىن شەھىرىگە راۋان بوپتۇ. يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، چىن خاقانىغا تەۋە بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا چۈشۈپ، ھېلىقى سۈرەتنى ئۇدۇلىغا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ساتارىنى ئېلىپ، غەزەل ئوقۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ كۈنى چىن مەملىكىتىنىڭ خاقانى ئوغلى بەرھەمشاھنى ئېلىپ شىكارغا چىققان ئىكەن. ئۇلار كېتىۋېتىپ بوۋاينىڭ غەزىلىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. پادشاھ: «ئەي دەرىخا، بىز دىۋە پەرى، جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ ماكانىغا كېلىپ قالدۇقمىكىن، ئاجايىپ بىر ئاۋاز ئاڭلىنىدىغۇ» دەپ بۇلاق بويىغا كېلىپ، ساتار چېلىپ، غەزەل ئېيتىپ ئولتۇرغان قابىز بوۋاينى كۆرۈپتۇ. پادشاھ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بەرھەمشاھ بوۋاي بىلەن سالاملىشىپ، ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇياققا كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. بوۋاي مەلىكە گۈلزۇرنىڭ ئىشقى ـ پىراقىدا تەركىدۇنيا بولۇپ يۈرگەنلىكى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى پادشاھقا بىرمۇ بىر بايان قىلىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۈرەتنى كۆرگەن بەرھەمشاھقا ئىشق ئوتى تۇتىشىپ، دادىسىغا «ئوردىغا قايتايلى» دەپتۇ ۋە دادىسىدىن

مەلىكىنى ئىزدەپ تېپىش ھەققىدە رۇخسەت سوراپتۇ.
چىن خاقانى ئېيتىپتۇركى: «ھەي ئوغلۇم! ساڭا يول جابدۇقى قىلاي، لەشكەرلەرنى تەييارلاپ قوشۇن تارتىپ بارامسەن ياكى سودىگەر سىياقىدا بارامسەن ئۆز ئىختىيارىڭ.»
بەرھەمشاھ: «ئى ئاتا، ماڭا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس، قەلەندەر سىياقىدا بارۇرمەن» دەپتۇ. دادىسى ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ رۇخسەت بېرىپتۇ ۋە خۇدايتائاللاغا تاپشۇرۇپ ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپتۇ. شاھزادە شەھەردىن چىقىپ چۆل باياۋانغا قاراپ يول ئاپتۇ.
بەرھەمشاھ يەتتە ئاي كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ مەلىكە گۈلزۇرنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. شاھزادە يول ئازابىدىن بەكمۇ ھېرىپ كەتكەن ئىكەن. شۇڭا، كوچىنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ بېشىنى يەرگە قويۇپلا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەتىسى سەھەردە ئويغىنىپ تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇپتۇ. ئاندىن شەھەر كوچىسىنى ئايلىنىپ سەيلە ـ تاماشا قىلىپ كېتىۋېتىپ، ئازىل شاھنىڭ ئوردىسىدىكى دەرۋازىغا ئېسىقلىق تۇرغان ئېلاننى كۆرۈپتۇ. بەرھەمشاھ مەلىكە گۈلزۇرنىڭ چاھار بېغىنى ئاراپ ناغرىخانىغا چىقىپ، تامغا شۇنداق قارىغۇدەك بولسا: «بۇ ئۆلگەن يىگىتلەر ئادەم ئۆلتۈرگەن ئەمەس ۋە ياكى ئوغرى ـ قاراقچىلىق قىلغانمۇ ئەمەس، مەلىكە گۈلزۇرنىڭ ئىشقىدا جان پىدا قىلغان يىگىتلەرنىڭ بېشىدۇر» دېگەن خەت يېزىقلىق تۇرغان ئىكەن. ھەيھات! بىر تەرەپتە بولسا 486 يىگىتنىڭ بېشى ئېسىقلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن بەرھەمشاھ: «ئەجەبمۇ كەپتىمەن، كەلمىسەممۇ بوپتىكەن» دەپ پۇشايمان قىپتۇ. ئەمما يەنە ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ: يەتتە ئايلىق يولدىن ئېرەنلىك دېپىنى ئۇرۇپ كېلىپ، مەزلۇم كىشىلەردەك ئۇنى تاشلاپ يانمىغىم دۇرۇس بولماس ھەم يىگىتلەرگە ياراشماس، بەختىم ئوڭ كېلىپ مەلىكىنى قولغا كەلتۈرۈۋالسام ئەجەب ئەمەس، دەپ خىيال قىلىپ، جۈرئەت بىلەن ناغرىنى سوقۇپتۇ. جىمىكى يۇرت خەلقى ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلاپ يىغىلىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا مەلىكە گۇلزۇر كېنىزەكلىرىگە بۇيرۇپتۇ: «چىقىپ بېقىڭلار! قايسى جېنىدىن تويغان، قېنىدىن ئۇسسىغان كەلدىكىن؟» كېنىزەكلەر چىقىپ قارىغۇدەك بولسا چىرايى پادىشاھزاد، كىيىملىرى قەلەندەر سۈپەت بىر يىگىت تۇرغان ئىكەن. ئۇلار كۆرگەنلىرىنى مەلىكىگە ئېيتىپتۇ. «ئۇنداق بولسا ئۆزۈم چىقىپ كۆرۈشمىكىم لازىم» دەپتۇ مەلىكە.

مەلىكە گۇلزۇر پەرىشتىلەردەك ياسانغان 500 كېنىزىكىنى ئەگەشتۈرۈپ، مەيدانغا يېتىپ كېلىپ ئېيتىپتۇركى: «ھەي يىگىت! ئىسىم ـ نەسەبىڭ نېمە؟ كىمنىڭ پەرزەنتى، قايسى قەبىلىدىن بولىسەن؟ نام ـ نىشانىسىز ئۆلۈپ كەتمىگىن.»

بەرھەمشاھ ئېيتىپتۇركى: «خاقانى چىن پادىشاھىنىڭ ئوغلىمەن. ئىسمىم بەرھەمشاھ، غايىبانە تەرىپ ـ سۈپىتىڭىزنى ئاڭلاپ، يەتتە ئايلىق يەردىن كېچەيۇ كۈندۈز پىيادە يول يۈرۈپ يېتىپ كەلدىم.»

«مېنىڭ ئىشقىمدا كەلگەن بولساڭ، ــ دەپتۇ مەلىكە، ــ ساڭا تۆت مىسرا بېيىت ئېيتىمەن، تۆت مىسرا بېيىتىمنىڭ مەنىسىنى مەنىسىگە، قاپىيەسىنى قاپىيەسىگە دەل كەلتۈرۈپ جاۋاب بېرەلىسەڭ، مېنىڭدىن كۆتكەن تەلپىڭگە يېتىسەن، ئەگەر جاۋاب ئېيتالمىساڭ بېشىڭنى كېسىپ دارغا ئاسىمەن.»

«بۇلاردىن خەۋەردارمەن، قېنى ئېيتىڭ» دەپتۇ بەرھەمشاھ.

بەرھەمشاھ مەلىكە گۇلزۇرنىڭ ئۈچ مىسرا بېيىتىگە قايىل قىلارلىق جاۋاب ئېيتىپ، قىزنى رازى قىپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكە گۇلزۇر ھەيران بولۇپ «ئاجايىپ ئاقىل، پاراسەتلىك، دانىشمەن يىگىت ئىكەن، چىرايىنى كۆرۈپ باقايچۇ» دەپ زەردە بىلەن توقۇلغان چۈمپەردىسىنى شۇنداق قايرىپ قارىغان ئىكەن، بەرھەمشاھ مەلىكىنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ، ئەقلىدىن ئېزىپ، تىترەك بېسىپ كېتىپتۇ ھەمدە مەلىكىنىڭ تۆتىنچى مىسرا بېيىتىگە جاۋاب ئېيتالماپتۇ.

بۇ چاغدا: «جاللات! ــ دەپتۇ مەلىكە، ــ بۇ بىئەدەپ يىگىتنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار.» جاللاتلار قوللىرىدا يالىڭاچلانغان قىلىچلىرىنى تۇتۇشقان ھالدا: «ھۆرمەتلىك مەلىكەم، قىلىچىمىز قانسىرىغان!» دەپ شاھزادىنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىپتۇ.

مەلىكىنىڭ بىر ئېنىكئانىسى بار ئىكەن. ئۇ بەرھەمشاھنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشكە بۇيرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، مەلىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

«ئى مەلىكەم، ھەر يەردىن كەلگەن قابىل يىگىتلەرنى ئۆلتۈردىڭىز، ھېچ مۇڭگۇز چىقمىدى. بۇ يىگىتنىڭ چىرايىغا قارىسام ناھايىتى خۇش پىچىم، كېلىشكەن يىگىت ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆلۈم گۇناھىنى سۈت ھەققى ئۈچۈن تىلەيمەن.»

«خەير بوپتۇ، سۈت ھەققىنى ئارىغا سالمىغان بولسىڭىز، بۇ يىگىتنىڭ گۇناھىدىن ئۆتمەس ئىدىم» دەپتۇ مەلىكە.

بەرھەمشاھ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغىنىغا مىڭبىر شۈكۈر - سانالار ئېيتىپ، شەھەردىن چىقىپ چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، بىر دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. غۇسلى تەرەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت نامىزىنى ئوقۇپ، بىر تال قارا ئارغامچا تېپىپ، بىر ئۇچىنى دەرەخكە چىگىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توۋا - ئىستىغپار ئوقۇپ تەڭرىدىن ئۆز ئارزۇسىنى تىلەپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى دىگەندە شاھزادىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر نۇرانە چىراي بوۋاي پەيدا بولۇپتۇ - دە، ئۇنىڭغا: «ھەي ئوغلۇم، كۆزۈڭنى ئاچ، سېنىڭ دۇئايىڭ ئىجابەت بولدى، مەشۇقىڭغا مەن يەتكۈزىمەن» دەپتۇ. بەرھەمشاھ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەيران بولۇپ قارىسا، ئالدىدا خىزىر سۈپەت ئاقساقال تۇرغان ئىكەن. ئۇل خىزىر بەرھەمشاھنىڭ بويىنىدىكى ئارغامچىنى يېشىۋېتىپ، ئۇنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، مەلىكە گۈلزۇرنىڭ شەھىرىگە كەپتۇ ۋە ناغرىخانىغا چىقىپ يىگىتنى بىر بۇلۇڭغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ناغرىنى شۇنداق سوقۇپتىكى، جىمىكى ئېرەنلەر قىزىشقان، باش - كۆزلىرىنى يېرىشقان ھالدا: «بۈگۈن

ئاجايىپ نادىر پالۋان كەلگەن ئوخشايدۇ، ھېچقاچان ناغرا بوگۈنكىدەك ئاۋازلىق سوقۇلغان ئەمەس، بۇ پالۋانمۇ شۇ رەھىمسىز زالىم قىزنىڭ قولىدا بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى» دېيىشىپ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىپتۇ.

بۇ چاغدا مەلىكە كېنىزەكلىرىگە بۇيرۇپ: «چىقىپ بېقىڭلار، قايسى جېنىدىن تويغان، قېنىدىن ئۇسسىغان كەلدىكىن، ناغرىنى ئەجەبمۇ ئاۋازلىق سوقتىغۇ» دەپتۇ. كېنىزەكلەر چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، ئاپپاق ساقاللىق بىر كىشى تۇرغۇدەك «خىزىر بوۋاي 114 ياشقا كىرگەن قېرى كىشىنىڭ سىياقىدا كېلىپ ناغرىنى سوققان ئىكەن.» بۇنى كۆرگەن كېنىزەكلەر: «ھەي بوۋا، بۇ كېسىلگەن باشلارنى كۆرمىدىڭمۇ، ئاشىقلىق دەۋاسىنى قويغىن، بۇ ساڭا مۇناسىپ ئەمەس، مەلىكىنىڭ تىغىدا بىئەجەل ئۆلۈپ كەتمىگىن، ھەر يەردىن كەلگەن شائىرلار، قاۋۇل يىگىتلەر مەلىكىنىڭ ئىشقىدا كېلىپ جېنىدىن ئايرىلدى» دېيىشىپتۇ. خىزىر ئېيتىپتۇركى: «كېنىزەكلەر! مەلىكەڭلەرگە ئېيتىڭلار، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشمىگىچە قايتمايمەن.»

ئەھۋالنى ئۇققان مەلىكە گۈلزۇر تۇزدەك ياسانغان 500 كېنىزەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، مەغرۇر ھالدا مەيدانغا يېتىپ كەپتۇ: «ھەي قېرى پىرى ئەرەپ، قايسى قەبىلىدىن بولۇرسەن؟ ئىسىم ـ نەسەبىڭ نېمە؟ نېمە سەۋەبتىن كەلدىڭ؟ نامىسىز ئۆلۈپ كەتمىگىن يەنە» دەپتۇ ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا غەزەپلىنىپ.

«پەردەشىشاۋ قەبىلىسىدىن بولۇرمەن، ھازىرغىچە يەتتە ئىقلىمنى كېزىپ، كۆڭلۈمگە يارىغۇدەك ھېچبىر مەھبۇب تاپالمىدىم، غايىبانە تەرىپ ـ سۈپىتىڭىزنى ئاڭلاپ كەلدىم» دەپتۇ خىزىر.

«ئۇنداق بولسا ساڭا شەرتىم شۇكى، ئارىلاشقان پارس، تۈرك بېيىتلىرىنى ئېيتىمەن، ئۇ بېيىتلەرگە مېنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاب بېرەلىسەڭ، قېرى دېمەستىن ئۆزۈمگە تويلۇقسىز قوبۇل قىلىمەن، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسەڭ بېشىڭنى كېسىپ، دارغا ئاسىمەن» دەپتۇ مەلىكە گۈلزۇر.

«قېنى ئېيتىڭ!» دەپتۇ خىزىر. مەلىكە تۆۋەندىكى بېيىتنى ئېيتىپتۇ:

ئاھۇمىنەل ئىشقى ۋاھالار تىغى،
ئەروبۇ قەلبى بەھەرەر تىغى.
مانازەرە ئەينى ئىلا غەيرىگە،
ئوخشىسىمۇ بىللاھى ـ بىمايا تىغى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

تىم ـ تىم ـ تىم دەلا ـ تەلا،
جىم ـ جىم ـ جىم ئەجەلا ـ يالا.
ئوھ ـ تۇرۇ ـ تۇرۇ ـ تۇرۇ،
بانگى سىخو ـ سىخو ـ سىخو.

ئەملى بىسقۇ ـ بىسقۇ ـ بىسقۇ،
قۇم ـ قۇم بانگى ـ سىخو، ــ دەپتۇ.

ئەرەب، پارسچىدا بۇ بېيتلەر قاپىيەسى قاپىيەسىگە، مەنىسى مەنىسىگە توغرا كەپتۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان مەلىكە گۇلزۇر: «ھەي پىرى ئەرەب، قېرى كىشى ياش بولماس، گۆش سەۋزىسىز مانتا ـ پولۇ ئاش بولماس، قېرى كىشى تارتىپ يانى ئوق ئاتالماس، ئاتقان ئوقى نىشانغا قادالماس، يېنىدا ياتساڭ تاڭ ئاتقۇنچە سۆزىگە يەنە بىر سۆز قوشالماس» دەپتۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئېيتىپتۇركى: «ھەي قىز! ساڭا ھەزەر قىلماق لازىم ئىدى، جۇپ تامباللىرىڭغا قول ئۇزاتماق لازىم. مەيدەمنى مەيدەڭگە يېقىپ ياتماق لازىم.»
مەلىكىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ چېچىلىپ: «ھەي، پىرى ئەرەب! ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسەن، چۆل ـ باياۋاندا يۈرۈپ، قائىدە يوسۇننى بىلمەيسەن، مەكتەپ يۈزىنى كۆرمەي، ئوقۇپ ـ ئوقماي ھېچنېمىنى بىلمەيسەن، ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈيسەن» دەپتۇ.
«ھەي قىز! ــ دەپتۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام، ــ موللا مەنۇ موللا مەن، كالامى رەببىنانى بىلىمەن، كۆڭلۈمنى كۆچۈرمە، بوۋاڭ تۇركتۇر. تەپسارى ھېقايىتتا شەرئى موللانى بىلىمەن. زىيتان، يېھسان، مۇئەممانى، دېگەن كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن.»
مەلىكە گۇلزۇر ئويلىنىپ: بۇ كىشى خىزىر بولۇپ قالمىسۇن

يەنە، دېگەننى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپتۇ ۋە: «هايا، ئۆزلىرى خىزىرمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «شۇنداق، خىزىرمەن» دەپتۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام.

مەلىكە گۈلزۇر: «مەن ئۆزلىرىنى بىلمەي بىئەدەپلىك قىلىپتىمەن، گۇناھىمدىن ئۆتۈپ، ئۆزرەمنى قوبۇل قىلغايلا» دەپتۇ.

«ھېچقىسى يوق. ئۆزرىڭىزنى قوبۇل قىلدىم. ئۆزىڭىزنى مۇنۇ بەرھەمشاھقا قوبۇل قىلىڭ» دەپتۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇلۇڭدا ئولتۇرغان يىگىتنى كۆرسىتىپ. مەلىكە «بولىدۇ» دەپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىپ بولغۇچە خىزىر ئەلەيھىسسالام كۆزدىن غايىب بوپتۇ. مەلىكە گۈلزۇر بەرھەمشاھنى ئۆزىگە تويلۇقسىز قوبۇل قىپتۇ. ئازىل شاھ ھاكىممۇ ئۆز ۋەدىسىدە تۇرۇپ، شەھەرنى ياساپ جابدۇپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ قىزىنىڭ پەرزىنى ئادا قىلىپتۇ.①

ئېيتىپ بەرگۈچى: نەمەت ھامىدى
رەتلىگۈچى: تۇرسۇن مۇسا، ئوسمان ئۆمەر

---

① «قومۇل ئەدەبىياتى» 1983 - يىللىق 2 - 1 سانى، 86 - بەت.

## ئېشەك بولۇپ قالغان پادىشاھ

بۇرۇن بىر پادىشاھ بولغانىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇنىڭغا قېرىلىق يېتىپتۇ. قىران چاغلىرىنىڭ كېتىپ، كۈندىن كۈنگە ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ پادىشاھ ياتسا - تۇرسا ئۆلۈمنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسەم، بۇنىڭغا نە ئامال باردۇر؟!» دەپ غەم - خىيالدىن بىردەممۇ بىرى بولالماپتۇ. ئاخىرى ئۇ ئوردىدىكى ۋەزىر - ئۆلىمالارنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپ: «كىمكى ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى تېپىپ، مېنى بۇ غەمدىن خالاس ئەتسە، شۇنىڭغا پادىشاھلىق خەزىنەمنىڭ تېڭىنى بېرىمەن» دەپ جاكارلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ خەۋەر ئوردىدىن شەھەرگە، شەھەردىن پۈتكۈل ئەلگە تارىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ دەپ بىلىشكەن ئاۋام خەلق شۇئان تەرەپ - تەرەپكە چېپىشىپ، ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. لېكىن، ھېچكىممۇ ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى تېپىپ كېلەلمەپتۇ. پادىشاھنى تېخىمۇ غەم بېسىپتۇ.

«ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى زادى تېپىلماسمۇ؟» دەپ پادىشاھنى غەم بېسىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يىراق ئەللەردە

سودىگەرچىلىك قىلىپ ئۇزاق سەپەرلەردىن كەلگەن بىرسى: «بۇندىن ئۈچ ئايلىق مەنزىلدىكى بىر مەملىكەتتە ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى بار، شۇ ئەلنىڭ پادىشاھى ئۇنى ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىققا ساتىدۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

ــ قانچىلىك بايلىق كەتسە كەتسۇن، ئاشۇ ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئېلىپ كېلىڭلار! ــ دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

چاپارمەنلەر خەزىنىدىن ناھايىتى نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ئېلىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. راست دېگەندەك ئۇلار ئالتە ئاي بولدى دېگەندە، ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇش بولۇپ، ئۇلارغا نۇرغۇن ئىنئاملارنى بېرىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئەقىلدە كامالەتكە يەتكەن دانا بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. پادىشاھ ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئىچىشتىن بۇرۇن ئاشۇ ۋەزىرنى چاقىرىپ مەسلىھەت سوراپتۇ.

ــ ئەي دانا ۋەزىرىم، ئېيتقىنا، ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى بىر تاللا ئىكەن. سېنىڭچە ئىچسەم قانداق، ئىچمىسەم قانداق؟

ــ تەقسىر، ئىچمەن دېسىلە مۇنداق ئۈچ ئىشنى قىلىپ كۆرۈپ ئىچسىلە...

ــ قېنى ئېيتقىن، قانداق ئۈچ ئىش ئۇ؟ ــ دەپتۇ پادىشاھ ئالدىراپ.

ــ ئالدى بىلەن ئۈچ قېتىم مەشرەپ ئويناپدىلا. يەنى

مەسىلەن؟ــ دەپتۇ پادىشاھ ۋەزىرنىڭ ئېنىقراق سۆزلىشىنى تەمە قىلىپ.

— ئالدى بىلەن ئۈچ قېتىم مەشرەپ ئوينايدىلا، يەنى، مەسىلەن: بىرىنچىسىنى تامامەن ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن، ئىككىنچىسىنى ئوتتۇرا ياشلىقلار بىلەن، ئۈچىنچىسىنى پۈتۈنلەي ياشلار ۋە باللار بىلەن ئويناپ كۆرۈپ، ئاندىن ئىچسىلە، — دەپتۇ ۋەزىر پادىشاھقا مەسلىھەت بېرىپ.

پادىشاھ ئەقىللىق ۋەزىرنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئۈچ قېتىم بۇ ئۈچ خىل ياشلىقلار بىلەن مەشرەپ ئويناپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىر - ئۆلىمالىرىنى چاقىرىپ، ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئىچمەيدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. بۇنىڭدىن ھەممىسى ھەيران بولۇشۇپتۇ. سەۋەبىنى سورىغانىكەن، پادىشاھ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەقىللىق ۋەزىرنىڭ ئېيتقىنى بويىچە بىرىنچى قېتىم ئۆز تەڭتۇشلىرىم بىلەن مەشرەپ ئوينىغانىدىم، ئۇلار مېنى قەدىرلەپ تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ ناھايىتى ئىززەتلىدى. ئىككىنچى قېتىم ئوتتۇرا ياشلىقلار بىلەن مەشرەپ ئوينىغانىدىم، ئۇلار مېنى قەدىرلەش، ئىززەتلەش ئورنىغا كەلسە - كەلمەس چاقچاق قىلىپ ئىززىتىمنى يەرگە ئۇردى. ئۈچىنچى قېتىم ياشلار ۋە باللار بىلەن مەشرەپ ئوينىۋىدىم، ئۇلار مېنى ئېشەك قىلىپ مىنىپ ساقىلىمنى يۇلۇپ ھېچ ھالىمنى قويمىدى. شۇندىلا ئەقىللىق ۋەزىرىمنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئۇقتۇم. دېمەككى، ئەگەر ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئىچسەم، خەلقئالەم ئالدىدا

كۆلكىگە قېلىپ ئېشەككە ئايلىنىشىم ئېنىق بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئۆلمەي ئېشەك بولۇپ يۈرگۈچە ئىززىتىمنى ساقلاپ ئۆلۈشنى ئەۋزەل كۆردۇم.

پادىشاھ شۇ سۆزنى دەپتۇ ـ دە، ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئوتقا سېلىپ كۈل قىلىۋېتىپتۇ.①

رەتلىگۈچى: ئوسمان سېلىم

① «ئەلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 1 ـ سانى، 86 ـ بەت.

# ئىككى دوست

ناھايىتى بۇرۇنمۇ ئەمەس، ناھايىتى يېقىنمۇ ئەمەس، ئىشقىلىپ بىر زاماندا داستىخىنى نېمەت ـ مەمۇرچىلىققا تولغان بىر يۇرتتا ئىككى دوست بولغانىكەن. توققۇز ئاي توققۇز كۈن ئانا قورسىقىدا يېتىپ بىر كۈن، بىر سائەتتە تۇغۇلغان بۇ ئىككى دوستقا ئاتا ـ ئانىسى قىيامەتلىك دوستلاردىن بولسۇن دەپ، بىرىگە قادىراخۇن، يەنە بىرىگە سادىراخۇن دەپ ئات قويۇپتۇ. قادىراخۇن بىلەن سادىراخۇن تىلى چىققان ۋە ئاق ـ قارىنى ئانچە ـ مۇنچە پەرقلەندۈرگۈدەك بولغان كۈندىن باشلاپ، بىر ـ بىرىنىڭ قورقۇنچاق ياكى باتۇرلۇقىنى سىنىشىپ «ئوغلاق ـ قوزا باقامسەن، بۆرە كەلسە قورقامسەن؟» دېيىشىپ، ئۆسمۈرلۈككە تەڭ قەدەم تاشلاپتۇ ۋە يېشىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، «دوست ـ دوست چىمەن دوست، نەگە بارساق بىللە دوست، بىر نان تاپساق تەڭ يەيمىز، ۋەدىمىزنى ئاقلايمىز» دېيىشىپ، قىيامەتلىك دوستلاردىن بولۇشۇپتۇ. ئاي، يىللار ئۆتۈپ، ھەر ئىككىسى كۈچتۈڭگۈر يىگىتلەردىن بولۇپتۇ. شۇنداق بەخت ـ سائادەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەقدىر بۇ ئىككى دوستنىڭ بېشىغا بىر ـ بىرىدىن ئۇزاق يىللار ئايرىلىپ ياشاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

قىسمىتىنى ساپتۇ.

— ئاداش قادىراخۇن، — دەپتۇ سادىراخۇن يۇرتىدىن ئايرىلىش ئالدىدا، — تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن باشقا بىر يۇرتقا باش ئېلىپ كېتىۋاتىمەن. قانداق قىلاي!؟ ... تەقدىر بېشىمىزغا پۈتكەن بۇ قىسمەتكە بويۇن ئەگمەكتىن ئۆزگە نە چارە؟! ... خەير، قەيەردە بولساق ئامان بولايلى، — دەپ يولغا چۈشۈپتۇ.

— توختا ئاداش سادىراخۇن، — دەپتۇ قادىراخۇن، — خۇدا بېشىمىزغا ئۇشبۇ جۇدالىق كۈنلىرىنى ساپتۇ. مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كەتمەسمىز. ئۆزى ئايرىغان خۇدا يەنە بىر كۈنلەردە دىدار كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلار، بىر - بىرىمىزنى سېغىنىپ ياد ئېتىپ تۇرايلى، — دەپتۇ. شۇ گەپتىن كېيىن ئىككى دوست قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ ئايرىلىپتۇ.

خەيرىيەت، ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ سادىراخۇن ئۆز يۇرتىغا كەپتۇ. ئىككى دوست قۇچاقلىشىپ ئۇزاققىچە بىر - بىرىنى قويۇۋەتمەي يىغلىشىپتۇ. بىر - بىرىنىڭ دىدارىغا قانماي هال - مۇڭ سورىشىپتۇ. لېكىن، خېلى بىر كۈنلەرگىچە قادىراخۇن سادىراخۇننى ئۆيىگە تەكلىپ قىلماپتۇ ۋە ئۇنى بىر كۈنى ئاغىنىلىرى بىلەن بازاردىلا مېهمان قىلىپ يولغا ساپتۇ. بۇنىڭدىن سادىراخۇننىڭ كۆڭلى ئۇبدانلا ئاغرىپ، قادىراخۇنغا نېمە بولغاندۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ.

— ئاداش قادىراخۇن، ئىككىمىز قىيامەتلىك دوستلاردىن

ئىدۇق، شۇنچە يىل ئايرىلىپ كېتىپ مىلىڭ تەستە كۆرۈشتۇق،
شۇنداق تۇرۇقلۇق بىر قېتىممۇ ئۆيۈڭگە تەكلىپمۇ قىلىپ
قويمىدىڭ. يا مېنىڭدىن ئاغرىنىشىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ
سادىراخۇن.

— كەچۈرگىن ئاداش، بىزنىڭ ئۆيلىرگىمۇ بارارمىز؟ لېكىن
ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، مۇشۇ قېتىم ئۆيگە بارساڭ پوق
يەيسەن، پوق! — دەپتۇ قادىراخۇن.

ھەرقانچە ئويلىسىمۇ بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن
سادىراخۇن دوستى بىلەن سوغۇقلا خوشلىشىپ، ئۆزىنىڭ
ئىككىنچى يۇرتىغا يەنە سەپەر قىپتۇ.

ئارىدىن يەنە نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ، سادىراخۇن ئۆز يۇرتىغا
يەنە كەپتۇ. قادىراخۇن بۇ قېتىممۇ دوستىنى يەنە ئۆز ئۆيىگە
تەكلىپ قىلماي، ئاشخانىلاردا مېھمان قىلىپ ئۇزىتىپتۇ.
بۇنىڭدىن ھەيران بولغان سادىراخۇن سوراپتۇ:

— ئاداش قادىراخۇن، ئالدىنقى قېتىممۇ ئۆيۈڭگە تەكلىپ
قىلمىدىڭ، بۇ قېتىممۇ تەكلىپ قىلمىدىڭ. ئەسلىدە مېنىڭدىن
كۆڭلۈڭ ئوبدانلا قالغان ئوخشايدۇ. بىز دىدار كۆرۈشكەندىن بېرى
تۈز - تائام تېتىشىپ باقمىدۇق، سەنمۇ بىزنىڭ يۇرتلارغا بېرىپ
باقمىدىڭ. شۇنداقتىمۇ سوراپ باقاي، ئىشىكىڭ قاياقتا قارايدۇ
ئاداش؟ تۆرىڭگە تۆت ئادەم سىغامدۇ؟

— ئاداش سادىراخۇن، رەنجىۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن.
«بارمىغان يەر بار بارارمىز، كۆرمىگەننى كۆرەرمىز» دېگەندەك بۇ

دۇنيا تېخى ئۈزۈن دۇنيا ئاداش، بىزنىڭ ئۆيلەرگىمۇ بارارمىز، لېكىن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، مۇشۇ قېتىم ئۆيگە بارساڭ مۇشت يەيسەن، مۇشت! — دەپتۇ قادىراخۇن.

بۇ نېمە دېگىنىدۇر دەپ ئويلىغان سادىراخۇن يەنە ئۆز يۇرتىغا راۋان بوپتۇ.

سادىراخۇن ئۆز يۇرتىغا ئۈچىنچى قېتىم كەپتۇ ۋە «مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم» دەپتىكەن، بۇداقى قېتىم قادىراخۇن ئۆيگە يەنە تەكلىپ قىلمىسا، ئارىدىكى دوستلۇقنى ئۈزۈپ بىراقلا ئادا - جۇدا بولۇپ كېتەي، دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن ئويلىمىغاندا، قادىراخۇن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن هامانلا:

— جۇر ئاداش، مانا ئەمدى ئۆيۈمدە ماي يەيسەن، — دەپ تەكلىپ قىپتۇ.

— قادىراخۇن، ئاداش، بىرىنچى قېتىم كەلگىنىمدە پوق يەيسەن دېدىڭ، ئىككىنچى قېتىمدا مۇشت يەيسەن دېدىڭ، بۇ قېتىم ئەجەب ماي يەيسەن، دەۋاتىسەن. بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ سادىراخۇن هەيران بولۇپ.

— هەي ئاداش، — دەپ گېپىنى باشلاپتۇ قادىراخۇن كۈلۈپ، — بىرىنچى قېتىم پوق يەيسەن دېگىنىم، باللىرىم ناهايىتى كۆپ هەم ئۇششاق ئىدى. سېنىڭ شۇ چاغدىكى سۆلىتىڭگە دەخلى يېتىدۇ دېگىنىم ئىدى. ئىككىنچى قېتىم مۇشت يەيسەن دېگىنىم، باللىرىم تولىمۇ شوخ، ئەركە بولغانلىقتىن، بىر - بىرى بىلەن پات - پاتلا مۇشتلىشىپ،

سوقۇشۇپ كېتەتتى، بۇنى سېنى كۆرمىسۇن دېگىنىم ئىدى. بۇ قېتىم ماي يەيسەن دېگىنىم، بالىلىرىم ئەسقاتتى، توقۇزىمۇ تەل. نېمە دېسەڭ شۇنى ئالدىڭغا هازىر قىلىمەن، دېگىنىم، — دەپتۇ قادىراخۇن.

— ئەمدى چۈشەندىم ئاداش، سېنىڭدىن ئورۇنسىز رەنجىپ يۈرۈپتىمەن، — دەپتۇ سادىراخۇن خىجالەت بولۇپ.

شۇ ئىشتىن كېيىن ئىككى دوست تېخىمۇ ئىناق ئۆتۈپتۇ ھەم بىر - بىرىنىڭ هالىغا يېتىدىغان بولۇپتۇ. ①

رەتلىگۈچى: ئوسمان سېلىم

① «ئىلى دەرياسى» ژورنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 1 - سانى، 87 - بەت.

# ئادالەت كۆچتىنىڭ مېۋىسى ــ گۆھەر

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ناھايىتى ئادىل ئىكەن، ئېتى ئادىلھەممەت شاھ ئىكەن. بۇ كىشىنىڭ زامانىسىدا بىر دېھقان بىر ئادەمدىن يەر سېتىۋېلىپ شۇدىگەر (ئاغدۇرۇش) قىلىشقا باشلىغاندا، يەردىن بىر خەزىنە مال ـ دۇنيا چىقىپتۇ. دېھقان يەر ساتقان كىشىگە خەۋەر قىلىپ:

ــ سىزدىن سېتىۋالغان يەردىن بىر خەزىنە مال ـ دۇنيا چىقتى، كېلىپ تاپشۇرۇۋېلىڭ ــ دەپتۇ.

يەر ساتقۇچى كىشى:

ــ مەن يەرنى سىزگە ساتقان، بۇ مال ـ دۇنيا سىزنىڭدۇر، ــ دەپتۇ.

ــ مەن سىزدىن يەرنىلا سېتىۋالغان، بۇ مال ـ دۇنيا ماڭا راۋا ئەمەستۇر، ــ دەپتۇ. يەر ساتقۇچى كىشى:

ــ بۇ يەر مەندىكى ۋاقىتىدا قانچە قېتىملار شۇدىگەر قىلغان ئىدىم. ماڭا چىقمىغان ئىدى. بۇ سىزنىڭ نېسىۋىڭىزدۇر، ــ دەپ ئالغىلى ئۇنىماپتۇ.

ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ، كۆنۈشەلمىگەندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ

بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىنسابىغا تەھسىن ئوقۇپتۇ، ئاندىن كېيىن ۋەزىردىن سوراپتۇ:

— بۇ مالنى ھېچقايسىسى ئالمايدىكەن، قانداق قىلىمىز؟ ۋەزىر ئېيتىپتۇكى:

— يەردىن چىققان مال - دۇنيا پادىشاھنىڭ نېسىۋىسىدۇر.

پادىشاھ ۋەزىرگە دەرغەزەپ بولۇپتۇ:

— ئى بىشەم، بىھايا، بۇ مال - دۇنيانى بۇ ئىككى كىشىگە ئال دېسەم ئالمىسا، مەن نېمە ئۈچۈن ئالىمەن؟ بۇ ماڭا ھالال بولامدۇ؟ بۇ قانداق ئىنساب؟! — دەپتۇ - دە، ۋەزىرنى ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

ئۇندىن كېيىن يەر ساتقۇچى بىلەن يەر ئالغۇچى:

— ئى پادىشاھىم، بۇ خەزىنە بىزگە ھالال ئەمەس، بىزنى بۇ بالادىن خالاس قىلغايسىز، — دەپتۇ. پادىشاھ ئېيتىپتۇكى:

— پەرزەنتىڭلار بارمۇ؟

يەر ساتقۇچى:

— بىر ئوغلۇم بار، تېخى ئۆيلەنمىگەن، — دەپتۇ.

يەر سېتىۋالغۇچى:

— بىر قىزىم بار، ئۇمۇ بالاغەتكە يەتمىگەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ پەرزەنتلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ نىكاھ قىلدۇرۇپتۇ ۋە بۇ مال - دۇنيانى ئوغۇل بىلەن قىزغا بېرىپ، پادىشاھلىق ئادالىتىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئوغۇلنىڭ ئېتى

ھارۇن، قىزنىڭ ئېتى سەلىمە ئىكەن. بۇ قىز دەپتۇكى:

— ئەي ھارۇن، بىر سۆزۈم بار، قوبۇل قىلساڭ مەن ئېيتسام.

ھارۇن:

— ئېيتقىن، — دەپتۇ.

سەلىمە:

— بۇ دۇنيادا بىزنىڭ قانچىلىك ئۆمرىمىز بار؟ بۇ مال - دۇنياغا مەغرۇر بولۇپ، قىيامەتتە قانداق جاۋابىنى بېرىمىز؟ بۇ مال - دۇنيا بىزنىڭ رىزقىمىزدە بولمىسا، يەنە بىراۋنىڭ رىزقىنى يەيمىزمۇ؟ مېنىڭ ئىختىيارىم شۇكى، بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز ئالغىلى ئۇنىمىغان مال - دۇنيانى بىز نېچۈن ئالىمىز؟ بىز ئەڭ ياخشىسى بېرىپ پادىشاھقا ئېيتايلى، بۇ مال - دۇنيانى بىزدىن ئېلىپ يەنە بىراۋغا بەرسىڭىز دېسەك، چوقۇمكى، بىزدىن ئالىدۇ، — دەپتۇ.

ھارۇن بۇ سۆزگە ماقۇل بوپتۇ. شۇ مەسلىھەت بىلەن ئىككىسى پادىشاھ قېشىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ بارلىق ئەمىرلىرى بىلەن ئولتۇرغان ئىكەن. ھارۇن بىلەن سەلىمە ئەرز قىپتۇ:

— ئى پادىشاھى ئادىل، بۇ مال - دۇنيانى بىزدىن ئېلىپ باشقا بىراۋغا بەرسىڭىز، بىزنى بۇ غەمدىن خالاس قىلسىڭىز، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئىككى پەرزەنتنىڭ ئىنسابىغا ئاپىرىن ئېيتىپ، ئەمىر، ۋەزىر، ئۆلىمالاردىن سوراپتۇ:

— قانداق قىلىمىز؟
بىر ۋەزىر ئېيتىپتۇكى:
— بۇ مال - دۇنيانى ئۆز ئورنىغا كۆممەك كېرەك.
يەنە بىر ۋەزىر:
— تەڭرى ئاشكارا قىلغان بۇ مال - دۇنيانى يەنە يوشۇرۇش ياخشى بولماس. بۇ خەزىنىنى شۇنداق قىلماق كېرەككى، ھەر كىمگە خەۋەر بېرەيلى، ھەر كىشى خاھى باغدىن، خاھى تاغدىن، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆچىتىنى ئېلىپ كەلسۇن. بۇ خەزىنىدىن ھەق بېرىپ ئۇنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى بىر جايغا تىككۈزۈپ، بىرەر كىشىنى باققىلى قويايلى. دەرەخلەر مېۋىگە كىرگەندە يېتىم، پېقىر، مىسكىن بىچارىلەر بېرىپ، ئۇنى ئۆز ئىختىيارىچە يېسۇن. ئۇنى ھېچكىم مەنئى قىلمىسۇن، تاكى دەرەخلەر يوقالغۇچە شۇ بويىچە بولسۇن، — دەپتۇ.
بۇ ۋەزىرنىڭ سۆزى پادشاھقا ۋە ھەممە خەلققە يېقىپتۇ. بۇ ۋەزىرنىڭ ئېتى غۇلامىدىن ئىكەن. پادىشاھ ئېيتىپتۇكى:
— سېنىڭ بۇ تەدبىرىڭ ناھايىتى ياخشى بولدى. بۇ ئەقلىڭ ۋە دانىشمەنلىكىڭ ئۈچۈن سېنى ۋەزىرلەر ۋە ئەمىرلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى قىلدىم، — دەپ ئۇنىڭغا شاھانە تون - سەرپاي كىيدۈرۈپتۇ ۋە مالنى تاپشۇرۇپ ھەر نېمە قىلساڭ قىل. ئەمما، ئۆلۈمنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىن. ئاخىرەت ئىشىدىن ئەندىشە قىل. ئەدلى ئېھسان بىلەن بولغىن، يېتىم - بىچارىلەرگە شەپقەت قىل، بۇ پانىي دۇنيانىڭ دۆلىتىگە مەغرۇر بولما، — دەپ

جېكىلەپتۇ. ئۇندىن كېيىن ھارۇن بىلەن سەلىمە:
— ئەي پادىشاھ، ئەمدى بىزگە رۇخسەت بېرىڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇلارغا نۇرغۇن مال - دۇنيا بەرسە ئالماپتۇ ھەمدە پادىشاھقا ياخشى دۇئالار قىلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.
ئەلقىسسە، ۋەزىر پۇقرالارغا بۇيرۇپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى يىلتىزى بىلەن ئالدۇرۇپ كېلىپ، بىر دانە دەرەخكە بىر مىسقالدىن ئالتۇن بېرىپ، 90 مىڭ تۈپ دەرەخنى سېتىۋېلىپ، بىر ياخشى جايغا تۈتقۇزۇپتۇ، 30 كىشىنى ئۇ دەرەخلەرنى باققىلى بەلگىلەپتۇ، قالغان خەزىنىنى بۇ 30 كىشىگە ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن پادىشاھ قېشىغا بېرىپ:
— ئەي پادىشاھى ئادىل، خەزىنىدىكى ھەممە مال - دۇنيانى خىراجەت قىلدىم. 90 مىڭ تۈپ دەرەخنى 90 مىڭ تىللا بېرىپ سېتىۋېلىپ، بىر ياخشى جايغا باغ قىلدۇردۇم، 30 كىشىنى ئاڭا باققىلى قويدۇم. خەزىنىدىكى قالغان مال - دۇنيانى ئۇلارغا ئىش ھەققى قىلىپ بەردىم، — دەپتۇ.
پادىشاھ خۇشال بولۇپ:
— تەڭرى ساڭا ۋە سېنىڭ ئەۋلادىڭغا رەھمەت قىلسۇن، — دەپتۇ.
ۋەزىر ئۈچ يىلدىن كېيىن پادىشاھقا:
— ئەي پادىشاھى ئادىل، تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ دەرەخلەر مېۋىگە كىردى. بۇ شەھەردە مۇنداق مېۋىلەر يوق، يەنە ئاجايىپراقى شۇكى، يەتتە مىڭ تۈپ دەرەختە كىچىنى يورۇتقۇچى

گۆھەر مېۋە بولۇپتۇ. ھەربىر مېۋىنىڭ باھاسى بىر ئىقلىمنىڭ باھاسىچىلىك بار. ئۇنىڭ روشەنلىكىدە بارچە مېۋىلەر كېچە ـ كۈندۈز كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ــ دەپتۇ.

پادىشاھ خۇشال بولۇپ:

ــ ئەي غۇلامىدىن، ئاشۇ مەيداندا ھەر تۈرلۈك تائام تەييار قىلدۇرغىن. مەن شەھەرنىڭ ئۆلىما ۋە پازىللىرى بىلەن بېرىپ تاماشا قىلغايمەن، ــ دەپتۇ.

ۋەزىر شۇ ھامان مېھماندارچىلىق ئۈچۈن، ھەر خىل نازۇ نېمەتلەرنى تەييار قىلدۇرۇپتۇ. شەنبە كېچىسىدە پادىشاھ كەپتۇ. تاماشا قىلىپ مېۋىلەرنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ھەممە خەلق «بۇ كېچە ـ كۈندۈزگە بەرگۈسىز بولۇپتۇ» دەپ ئەجەبلەنگەن ھالدا مېۋىلەردىن يەپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەمىرلىرى «بۇ، كېچىنى يورۇتقۇچى گۆھەر مېۋىلەردىن ئۈزۈپ، پادىشاھقا ئېلىپ بارايلى» دەپ ئىختىيار قىلغان ئىكەن، پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ:

ــ ئەي بىشەملەر، مەن مۇنداق گۆھەر تىككەنمىدىم؟ تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن گۆھەر بولۇپتۇ. بۇنى يېمەك باي دۆلەتمەندە كىشىگە راۋا ئەمەس. سىلەر ھەرگىز بۇ گۆھەر مېۋىلەردىن ئالماڭلار. بۇ كېچىنى يورۇتقۇچى گۆھەرلەر پېقىر مىسكىنلەر، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ نېسىۋىسىدۇر، ــ دەپتۇ.

پادىشاھ ئوردىسىغا قايتىپ ۋەزىرنى چاقىرتىپ كېلىپ:

ــ ئەي ۋەزىر، بۇ شەھەردە غېرىب ـ مىسكىن، يېتىم ـ مۇساپىرلار بولسا چاقىرتقىن، ئۇلار ئۇ باغدىكى مېۋىلەردىن

يېسون. ئۇلارنى ئېلىپ ـ سېتىپ خىراجەت قىلسۇن، ــ دەپتۇ.

باغنىڭ مېۋىسى يىلدىن ـ يىلغا ياخشى بوپتۇ. پېقىر ـ مىسكىنلەر ئۆز ئىختىيارىچە ئېلىپ يەپتۇ ھەم ئۆيلىرىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. گۆھەر مېۋىلەرنىڭ روشەنلىكىدىن باغ ئاۋات بوپتۇ. بۇ ۋەقە پۇقرالارنىڭ ئىنسابى، پادىشاھنىڭ ئادالىتىنىڭ ئىزى بولۇپ مەڭگۈ ساقلىنىپتۇ. ①

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر مۇھەممەت

① «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 3 ـ سانى، 101 ـ بەت.

## بىغەمنىڭ پەلسەپىسى

بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن بىر كىشى دائىم: «باشقىلارنىڭ ئىشى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن» دەيدىكەن. شۇڭا، باشقىلار ئۇنىڭغا «بىغەم» دەپ لەقەم قويۇپتۇ.

بىركۈنى، ئۇ بازاردىن بىر خالتا گۈرۈچ ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. يول ئۈستىدە ئۇنىڭ خالتىسى تېشىلىپ كېتىپ، گۈرۈچ تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ، ئۇنىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان قوشنىسى ئۇنىڭدىن:

— باشقىلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەكمۇ — يوق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— باشقىلارنىڭ ئىشى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بىغەم.

بىر ھازا يول يۈرگەندىن كېيىن، خالتىدىكى گۈرۈچنىڭ يېرىمى يەرگە تۆكۈلۈپ بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن قوشنىسى:

— كۆڭۈل بۆلسەڭ ئىگىسىگە پايدا بولىدۇ، بۇنداق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەكمۇ — يوق؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ.

— ئۆزۈڭگە پايدىلىق بولمىغان ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ نېمە قىلىسەن؟ — دەپتۇ بىغەم.

ئۆيگە ئاز قالغاندا خالتىدىكى گۇرۇچنىڭ تەڭدىن تولسى تۆكۈلۈپ بوپتۇ. بۇنى بىلىپ ئەرۋاھى ئۇچقان بىغەم قوشنىسىنى ئەيىبلەپ:

— گۇرۇچنىڭ تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ماڭا ئېيتىپ قويمىدىڭ؟ — دەپتۇ.

قوشنىسى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پەلسەپىسى بويىچە:

— ئۆزۈمگە پايدىسى بولمىغان ئىشنى ساڭا ئېيتىپ نېمە قىلاتتىم، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.①

ئېزىزجان خۇدابەردى تەييارلىغان.

---

① «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىدىن ئېلىندى.

# توققۇز دانە ئالما

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، كۆرۈنگەن تاغنىڭ نېرىسىدا، كۆرۈنمىگەن تاغنىڭ بېرىسىدا بىر كەمبەغەل ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى ئاشقىن، ئوتتۇرانجىسىنىڭ ئىسمى ماشقىن، كەنجىسىنىڭ ئىسمى چاشقىن ئىكەن. چوڭ ئوغۇل تەييارتاپ، مەككار ئىكەن. ئوتتۇرانجى ئوغۇل بولۇمسىز، ھىيلىگەر ئىكەن. كەنجى ئوغۇل زېرەك، باتۇر ئىكەن، ئۇ ئەلەم ۋە قەلەمدە كامىل ئىكەن. ئىككى ئاكىسى ئۇنى كۆرەلمەيدىكەن. تاغقا چىقىپ ئوتۇن كېسىش، ئوۋ ئوۋلاش، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش پۈتۈنلەي كەنجى ئوغۇلنىڭ زىممىسىدە ئىكەن. ئوغۇللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چوڭ بولۇپ، بورۇتلىرى خەت تارتىپتۇ.

كەمبەغەلنىڭ ھويلىسىدىكى بىر تۈپ ئالما مېۋىگە كىرگىلى كۆپ يىللار بوپتۇ. ئۇلار بۇ ئالمىنىڭ پىشقىنىنى يەپ باقماپتۇ. ھەر يىلى بۇ ئالمىنىڭ پىشقانلىرى ھەر كېچىدە بىر تالدىن يوقاپ كېتىدىكەن. ئۇلار ئەتىسى قارىسا، ھېچقانداق ئىز كۆرۈنمەيدىكەن. ئۇلار بۇنىڭدىن ھەيران قېلىشىپ، سىرنى يەشمەكچى بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر يىلى، ئەتىيازدا بۇ ئالما توققۇز تال چېچەكلەپ، توققۇز تال ئالما بوپتۇ. ئوغۇللار بۇنى كۆرۈپ دادىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— دادا، بۇ يىل ئالما پىشارغا يېقىن ئۈچىمىز كېچىدە ئۇخلىماي ئالمىلارغا قاراپ، ئالمىلارنى پىشۇرىمىز، — دەپ ۋەدە بېرىشىپتۇ. دادىسى ئوغۇللارنى بىر سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ ماقۇل بولۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ ئالمىلار سۈزۈلۈشكە، ئاخىرى قىزىرىپ پىشىشقا باشلاپتۇ. ئوغۇللار ئالمىلارنىڭ پىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، كېچىسى ھەرگىز ئۇخلاپ قالماسلىققا ۋەدە بېرىشىپتۇ. بىرىنچى كۈنى چوڭ ئوغۇل ئاشقىن ئالمىغا قاراپتۇ. ئۇ كېچىچە ئۇخلاپ قالماسلىققا قاتتىق بەل باغلاپ، ئالما تۈۋىدە ئالمىلارغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. باش توخۇغا يېقىن ئۇنىڭ قاتتىق ئۇيقۇسى كەپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ تۇيماپتۇ. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، بىر تال ئالما كەم تۇرغۇدەك، ئەھۋالنى بىلگەن ئوتتۇرانچى ئوغۇل ماشقىن دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— دادا، ئەتىگەن قارىساق بىر تال ئالما كەم تۇرىدۇ. ئاكام ئۇخلاپ قاپتۇ. سىرنى مەن ئاشكارىلاي. مەن ھەرگىز ئۇخلاپ قالمايمەن. بۈگۈن كېچە ئوغرىنى چوقۇم تۇتىمەن! — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ. دادىسى:

— بالام، سەن كىچىك، ئاكاڭ ئۇخلاپ قالغان يەردە سەن

قانداق چىدىيالايسەن؟ ــ دەپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل ماشىنىنى دادىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي، ئوخلاپ قالماسلىققا قاتتىق بەل باغلاپ، كېچىسى ئالمىلارغا قاراپ يېتىپتۇ. باش توخۇغا يېقىن ئوتتۇرانچى ئوغۇل ماشىنىنىڭمۇ قاتتىق ئۇيقۇسى كەپتۇ. ئۇ ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن سەكرەپ بېقىپتۇ ... ئاخىرى ئۆزىنىڭ قانداق ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ تۇيماپتۇ. ئەتىسى قارىسا يەنە بىر تال ئالما كەم تۇرغۇدەك. كەنجى ئوغۇل ئاكىلىرى بىلەن بىرلىكتە دادىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ:

ــ دادا، ئاكىلىرىم ئۇخلاپ قالغان بولسا، مەن ھەرگىز ئۇخلاپ قالمايمەن. بۈگۈن كېچە ئوغرىنى چوقۇم تۇتىمەن! ــ دەپتۇ. دادىسى:

ــ ئوغلۇم، سەن تېخى كىچىك، ئاكىلىرىڭ قىلالمىغان ئىشنى سەن قانداق قىلالايسەن؟ بولدى قىل، ــ دەپتۇ. كەنجى ئوغۇل چاشقىن دادىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ، دادىسى كەنجى ئوغلىنىڭ قىزغىنلىقىغا قاراپ ماقۇل بوپتۇ. كەنجى ئوغۇل نامازشام بىلەنلا ئالما تۈۋىگە بېرىپ، ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. لېكىن، يېرىم كېچە بولا ـ بولمايلا كەنجى ئوغلىنىڭمۇ كۆزلىرى يۇمۇلۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئاكىلىرىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى، دادىسىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئويلاپ، ئۇخلاپ قالماسلىققا تىرىشىپتۇ، يېرىم كېچىدىن ئۆتۈپ باش توخۇغا يېقىنلىشىپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئۇخلىماپتۇ. شۇ چاغدا ئەتراپ يورۇپ كېتىپتۇ. يىراقتىن تاۋۇزدەك يوغانلىقتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇمىلاق بىر پارچە قىپقىزىل ئوت ئۇچۇپ كېلىپ، ئالما شېخىغا قونۇپتۇ ـ دە، يەنە ئۇچۇپ كېتىپتۇ، كەنجى ئوغۇل دەرھال ئوتنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپتۇ، يۈگۈرۈپتۇ، يۈگۈرۈپتۇ ... ئەمما، ئوت بارغانچە يىراقلىشىپتۇ.

كەنجى ئوغۇل بارلىق كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ يېتىشىۋالاي دېگەندە، بۇ ئوت بىر قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ غايىب بوپتۇ. ئاڭغىچە تاڭ ئاتاي دەپ قاپتۇ. كەنجى ئوغۇل قۇدۇق بېشىدا تۇرۇپ شۇنچە ساقلىغان بولسىمۇ، قۇدۇق ئىچىدىن ھېچقانداق شەپە ئاڭلانماپتۇ. ئۇ قۇدۇق ئەتراپىغا بەلگە قىلىپ قويۇپ، ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ بولغان ئىشلارنى دادىسىغا بايان قىپتۇ. ئەتىسى دېگەندەك بىر تال ئالما كەم تۇرغۇدەك.

ئۈچ ئوغۇل ھېلىقى ئوتنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن دادىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن ئارقانلارنى ئېلىپ، بەلگە بويىچە ھېلىقى قۇدۇقنى تېپىپتۇ. قۇدۇققا بىرىنچى بولۇپ چوڭ ئوغۇل ئاشقىن ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. بىر يەرلەرگە كەلگەندە: «توڭلاپ كەتتىم، توڭلاپ كەتتىم!» دەپ ۋارقىراپتۇ. بىر يەرلەرگە كەلگەندە «ئىسسىپ كەتتىم، ئىسسىپ كەتتىم!» دەپ ۋارقىراپتۇ. بىرئاز ئۆتە ـ ئۆتمەيلا يەنە زارلىغىنىچە تۇرۇپتۇ. ئىككى ئۇكىسى ئۇنىڭ زارىغا چىدىماي تېزلا تارتىپ چىقىرىۋاپتۇ. ئىككىنچى قېتىم ئوتتۇرانچى ئوغۇل ماشقىن چۈشمەكچى بولۇپ، ئاكىسى بىلەن ئۇكىسىغا:

— مەن توخلاپ كەتتىم، دېسەممۇ تارتماڭلار، ئىسسىپ كەتتىم دېسەممۇ تارتماڭلار! — دەپتۇ. ئۇ چۈشۈپ كېتىۋېتىپ بىردەم «توخلاپ كەتتىم!»، بىردەم «ئىسسىپ كەتتىم!» دەپ زارلىنىپتۇ. يەنە بىرئاز چۈشكەندىن كېيىن تېخىمۇ بەكرەك ۋارقىراشقا باشلاپتۇ:

— دېگەن گېپىم يالغان، تېز تارتىڭلار، بولالمىدىم!

شۇنداق قىلىپ ئۇنىمۇ تارتىپ چىقىرىۋاپتۇ. نۆۋەت كەنجى ئوغۇلغا كەپتۇ. ئىككى ئاكىسى ئۇنىڭغا:

— ئۇكام، سەن كىچىك، بىز چىدىغانغا سەن چىدىمايسەن. ئۇچ تال ئالما ئۈچۈن بۇنچىۋالا جەبىر - جاپا تارتىش ئارتۇقچە ئىش. بېرىپ دادامغا بولغان ئىشنى دەپ قويساقلا بولمىدىمۇ، — دەپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئاكىلىرىغا:

— دادامغا جىق ۋەدە بېرىپ كەتتۇق. مەن چۈشۈپ بىر سىناپ باقاي. توخلاپ كەتتىم دېسەممۇ تارتماڭلار، ئىسسىپ كەتتىم دېسەممۇ تارتماڭلار، — دەپتۇ.

ئۇ ئاكىلىرىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئارغامچىغا ئېسىلىپ قۇدۇققا چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ توخلاپ كەتسىمۇ، ئىسسىپ كەتسىمۇ لېۋىنى چىڭ چىشلەپ پەسكە قاراپ سىيرىلىپتۇ، سىيرىلىپتۇ. توخلاپ، ئىسسىپ، توخلاپ، ئىسسىپ، ھېچبىر مادارى قالماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۇندىمەي بەرداشلىق بېرىپتۇ. ئاخىرى قۇدۇق تېگىگە يېتىپ چۈشۈپتۇ. قارىسا ئىككى ئىشىك تۇرغۇدەك. ئۇنىڭ بىرى ئالتۇن، يەنە بىرى، ياغاچ ئىشىك

ئىكەن. كەنجى ئوغۇل چاشقىنى ئويلىنىپ تۇرمايلا، مەن كەمبەغەلنىڭ ئوغلى بولغاندىكىن ياغاچ ئىشىكتىن كىرەي، دەپ ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپتۇ. ئۆي ئىچىگە كىرسە، ئۈچ تال قىزىل ئالما ئويۇقتا تۇرغۇدەك. بۇلۇڭدا ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، شۇنداق چىرايلىق بىر ساھىبجامال يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. كەنجى ئوغۇل چاشقىنى ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. بۇ ساھىبجامال ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئاپتۇ ۋە كەنجى ئوغۇلنىڭ نېمە سەۋەب بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، يىگىتنىڭ ئالتۇن ئىشىكتىن ئەمەس، ياغاچ ئىشىكتىن كىرگەنلىكىگە شۈكۈر قىپتۇ. ئەسلىدە ئالتۇن ئىشىك كىرسە چىقماس تىلسىم ئىشىكى ئىكەن. ساھىبجامال ئۆزىنىڭ چەت بىر مەملىكەت پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى ئىكەنلىكىنى، ئەركەك دىۋىنىڭ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ، خوتۇنلۇققا زورلىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە پاكلىقىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، دىۋىنىڭ قىزنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر خىل نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، كەنجى ئوغۇلنى بۇ يەردىن تېز كېتىشكە ئالدىرىتىپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ. لېكىن، كەنجى ئوغۇل كېتىشكە ئۇنىماي، مەلىكىگە بىللە مېڭىش تەكلىپىنى قويۇپتۇ. مەلىكە يىغلاپ تۇرۇپ:

— دىۋە ئۇخلاپ قالدى، ھازىر ئويغىنىدۇ. ئىككىلەن بەرىبىر ساق - سالامەت كېتەلمەيمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە سىز بولسىڭىزمۇ دىۋىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ قېلىڭ. دىۋە ئويغىنىش

ئالدىدا بوران چىقىپ، چاقماق چاقىدۇ، پۈتۈن جاھان گۈلدۈرلەپ كېتىدۇ، — دەپتۇ. مەلىكە يۇقىرىقىلارنى بايان قىلىپ بولغۇچە بوران چىقىپ، چاقماق چېقىشقا باشلاپتۇ. كەنجى ئوغۇل مەلىكىنى تارتىپ كېلىپ ئارغامچىغا باغلاپ:

— تېز تارتىڭلار! — دەپ توۋلاپتۇ. ئۆزى قۇدۇق ئاستىدا قاپتۇ. مەلىكە چاشقىنىغا قاراپ:

— ئەگەر ئۆلگۈرەلمىسىڭىز، ياغاچ ئىشىكتىن كىرسىڭىز، ئوڭ تەرەپتە بىر ياغاچ ئات بار، ئۇنى مىنىپ ئوڭ قۇلىقىنى ئوڭغا بۇرىسىڭىز، يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ ئۈستىگە چىقىپ كېتىسىز، سول قۇلىقىنى سولغا بۇرىسىڭىز، يەتتە قەۋەت يەرنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كېتىسىز، ھەرگىز سول قۇلىقىنى بۇرىماڭ! — دەپ توۋلاپتۇ، بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن قىز قۇدۇق ئۈستىگە يېتىپ چىقىپتۇ. ئۇلار ناھايىتى تېزلا ئارغامچىنى قۇدۇق ئىچىگە تاشلاپتۇ. ئاڭغۇچە بوران تېخىمۇ كۈچىيىپ، پۈتۈن جاھان قاتتىق گۈلدۈرلەشكە باشلاپتۇ. گۈلدۈرلىگەن ئاۋازدىن كەنجى ئوغۇلنىڭ بېشى يېرىلغۇدەك بوپتۇ. ئۇ ئارغامچىغا ئېسىلىپلا:

— تېز تارتىڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئاكىلىرى مەلىكىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ، قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ. بۇ چاغدا چوڭ ئوغۇل ئوتتۇرانچى ئوغۇلغا:

— ئۇكام ماشقىن، ھەممە ئىشنى ئاشۇ شۇمتەك قىلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىز قايسى يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە بارىمىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە چاشقىنىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەيلى، — دەپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل ماشقىن بۇنى ئاڭلاپ:

— راست ئېيتىسەن ئاكا، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭ، — دەپتۇ. چوڭ ئوغۇل ئاشقىن يەنە:

— ئەگەر ئۆيگە بېرىپ ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنى دادامغا ئېيتسا، دادامنىڭ ئالدىدا بىز خىجالەت بولۇپ قالىمىز، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بۇ ساھىبجامالغا ئېرىشىشى تۇرغانلا گەپ. ئارغامچىنى كېسىۋېتەيلى، ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كەتتى، دەپ قۇتۇلامدۇق، — دەپلا ئارغامچىنى كېسىۋېتىپ، قىزنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپتۇ.

كەنجى ئوغۇل قۇدۇقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە يەنە قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ياغاغ ئىشىكتىن كىرىپ، ياغاچ ئاتقا مىنىپتۇ. ئالدىراشلىقتا ئوڭ قۇلىقىنى بۇرىدىم دەپ، سول قۇلىقىنى بۇرىغان ئىكەن، يەتتە قەۋەت يەرنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

كەنجى ئوغۇل چاشقىن كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئۆزى يالغۇز بىر قېرى چىنار دەرىخىنىڭ ئاستىدا ياتقۇدەك، ئەتراپىغا نەزەر سالغۇدەك بولسا، بۇ يەرنىڭ ھېچقانداق نەرسىسى يەر ئۈستى زېمىنىنىڭكىگە ئوخشىمىغۇدەك. ئۇ قاتتىق ئاھ ئۇرۇپ، مەن ياغاچ ئاتنىڭ سول قۇلىقىنى بۇراپتىمەن، بۇ يەتتە قەۋەت يەرنىڭ ئاستى ئىكەن، دەپ ئويلاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ قاياقتىدۇر بىر

نەرسىنىڭ نالە قىلىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. بېشىنى كۆتۈرۈپ چىنار دەرىخىگە قارىسا، ناھايىتى چوڭ ھەم چىرايلىق بىر قۇش يىغلاۋاتقۇدەك. كەنجى ئوغۇل قۇشتىن:

— سېنىڭ نىمە دەردىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. قۇش دەرھال تىلغا كىرىپ:

— مېنىڭ ئۇۋام مۇشۇ چىنار دەرىخىنىڭ ئۇستىدە. ھەر يىلى بالا چىقىرىمەن. ئەمما، بىرەرمۇ بالامنى قاتارغا قوشالمايمەن. بالىلىرىم ئۇچۇرما بولۇشتىن ئىلگىرى يىلاننىڭ ئوزۇقىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، يىلاننى ئۆلتۈرۈپ بەرگەن بولساڭ، — دەپتۇ. كەنجى ئوغۇل قۇشقا ۋەدە بېرىپ، ئۇ يىلاننى يوقىتىش چارىسى ئۇستىدە ئويلىنىپ مېڭىپتۇ ... ئاخىرى بىر ئاپپاق ساقاللىق بوۋايغا ئۇچراپتۇ. كەنجى ئوغۇل بوۋاينى كۆرۈپلا ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ. بوۋايمۇ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، كەنجى ئوغۇلدىن:

— ئوغلۇم سەپىرىڭ قاياقتا؟ — دەپ سوراپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى بوۋايغا بايان قىپتۇ. بوۋاي:

— ئوغلۇم، ئۇلۇغ ئىشقا ئاتلىنىپسەن. ئۇ قىرىق گەز يىلان، ئۇنى قىرىق گەز خەنجەر بىلەن تېنىنى قىرىق پارچە قىلىپ، قىرىق پارچىنى قىرىق يەرگە كۆمگىن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، يىلان كۈننى كۆرسە قايتا تىرىلىدۇ، — دەپ كەنجى ئوغۇلغا قىرىق گەزلىك خەنجەردىن بىرنى سوۋغا قىپتۇ. كەنجى ئوغۇل بوۋايغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، خوشلىشىپ يولىغا راۋان

بوپتۇ. ئۇ يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، چىنار دەرىخىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇ چىنار دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ يىلاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ.

كەنجى ئوغۇل بىرھازا ساقلىغاندىن كېيىن يىلان كېلىپ دەرەخكە يامىشىشقا باشلاپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئېتىلىپ بېرىپ يىلاننىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە يىلاننىڭ تېنىنى قىرىق پارچە قىلىپ چېپىپ، قىرىق يەرگە كۆمۈپتۇ. ھېلىقى قۇش كەنجى ئوغۇلنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە كەنجى ئوغۇلنىڭ نېمە تەلىپى بارلىقىنى سوراپتۇ. كەنجى ئوغۇل بۇ يەرگە كېلىش سەۋەبىنى ئېيتىپتۇ. قۇش كەنجى ئوغۇلنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

ــ مەن سېنى يەتتە قەۋەت يەرنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويىمەن. يەتتە قەۋەت يەرنىڭ ئۈستىگە چىقىش ئۈچۈن يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرىمىز. سەپىرىمىزدە جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقلارغا، تومۇز ئىسسىقلارغا دۇچ كېلىمىز ھەم ھەرىلەر يۈرتىدىن ئۆتىمىز. ئىككىيلەننىڭ ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن يەتتە كېچە ـ كۈندۈزلۈك ئوزۇقلۇق تەييارلا، ــ دەپ بۇيرۇپتۇ.

كەنجى ئوغۇل چاشقىن يەتتە كېچە ـ كۈندۈزلۈك ئوزۇق تەييارلاپتۇ. قايتىپ كېلىپ ئوزۇقلۇقنىڭ تەق بولغانلىقىنى قۇشقا ئېيتىپتۇ.

ــ ئوك تەرەپكە قارىسام گۆش بېرىسەن، سول تەرەپكە

قارىسام سۇ بېرىسەن. ھەرىلەر يۇرتىغا كەلگەندە ھەرىلەر بىزگە چاپلىشۋېلىپ ماڭغىلى قويمايدۇ. شۇ چاغدا تۆۋەنگە قارىتىپ گۆش تاشلايسەن، ھەرىلەر گۆشنى قوغلىشىپ پەسكە چۈشۈپ كېتىدۇ، بولمىسا ئىككىمىز ھەرىلەرنىڭ ئوزۇقىغا ئايلىنىمىز، — دەپتۇ. كەنجى ئوغۇل چاشقىن ماقۇل بولۇپ، قىرىق گەزلىك خەنجىرىنى بېلىگە قىستۇرۇپ قۇشقا مىنىپتۇ. ئۇلار ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ. يول بويى قۇش ئوڭ تەرەپكە قارىسا گۆش بېرىپتۇ، سول تەرەپكە قارىسا سۇ بېرىپتۇ. قەھرىتان سوغۇقلاردىن، تومۇز ئىسسىقلاردىن ئۆتۈپتۇ. مەنزىلگە ئاز قالغاندا ھەرىلەر يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. دېگەندەك ھەرىلەر ئۇلارغا چاپلىشۋېلىپ ماڭغىلى قويماپتۇ. كەنجى ئوغۇل بىر پارچە گۆشنى پەسكە قارىتىپ تاشلىغان ئىكەن، ھەرىلەر گۆشنى قوغلىشىپ پەسكە چۈشۈپ كېتىپتۇ. مەنزىلگىمۇ ئاز قاپتۇ. قۇش ئەڭ ئاخىرى ئوڭ تەرەپكە قاراپتۇ. گۆش تۈگەپ قالغاچقا، كەنجى ئوغۇل سۆڭگىچىدىن بىر پارچە گۆشنى كېسىپ قۇشقا بېرىپتۇ. قۇش سول تەرەپكە قارىغان ئىكەن. كەنجى ئوغۇل سۇ ئېلىپ بېرەي دەپ قارىسا، سۇمۇ تۈگەپتۇ. ئۇ دەرھال ئوڭ كۆزىنى ئويۇپ قۇشقا بېرىپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئەسلىدە قۇشنىڭ تېزراق ئۇچۇشى ئۈچۈن گۆش ۋە سۇنىڭ تۈگەپ قېلىشىنى ئويلىمايلا كۆپرەك بېرىۋەتكەن ئىكەن. ئۇلار ئاخىرى يەر يۈزىگە قونۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل يەر يۈزىگە چۈشۈپ بېشىنى كۆتۈرمەي جىم تۇرۇۋاپتۇ. قۇش ئۇنىڭ ھالىنىڭ خاراب ئىكەنلىكىنى بىلىپ:

— نېمە بولدۇڭ يىگىت؟ ماڭا ئەڭ ئاخىردا بەرگەن گۆش ۋە

سۆيۈك ئالدىنقى قېتىملارغا ئوخشىمايدىكەن. بەك تەملىك ئىكەن، — دەپتۇ. كەنجى ئوغۇل:

— ئەڭ ئاخىرى بەرگەن گۆش مېنىڭ گۆشۈم، سۆ مېنىڭ كۆزۈم، — دەپتۇ. قۇش ئۇنىڭغا قارىسا، ئۇنىڭ ئوڭ كۆزى يوق، چىرايى سارغىيىپ كەتكەنىكەن. قۇش دەرھال ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كەنجى ئوغۇلنى يۇتۇۋاپتۇ. ھايال ئۆتمەي ئاغزىدىن چىقىرىپتۇ. كەنجى ئوغۇل قۇشنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈپلا ئەزالىرى تولۇقلىنىپتۇ. كەنجى ئوغۇل قۇشقا رەھمەت ئېيتىپ خوشلىشىپ يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ كالا بىلەن يەر ھەيدەۋاتقان بىر دېھقاننى ئۇچرىتىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى دېھقان كالىغا ناھايىتى پەس ئاۋازدا:

— ئىچكىر - تاش، ئىچكىر - تاش، — دەۋاتقۇدەك. كەنجى ئوغۇل بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ:

— ھوي بۇرادەر، بۇ يوغان مەخلۇققا شۇنچە تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلىسەڭ، كالا ئاۋازىڭنى ئاڭلامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دېھقان ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ، كەنجى ئوغۇلغا يالۋۇرۇپ:

— يىگىت، توۋلىمىسىڭىز، بۇ يەردە بىز يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشەلمەيمىز، ئەگەر يەتتە باشلىق ئەركەك دىۋە ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ قالسىلا، بۇ يەرگە كېلىپ بىزنى يەپ كېتىدۇ، — دەپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئەركەك دىۋە دېگەن گەپنى ئاڭلاپ مەن ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن، دەپ بېلىنى چىڭ باغلاپ، ئاۋازىنى

قويۇۋېتىپ ناخشا ئېيتىپتۇ. بۇنىڭدىن قورققان دېھقان تىزلانغىنىچە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپتۇ. دېھقان ھەرقانچە قىلسىمۇ، ئۇ ئاۋازنى قويۇۋېتىپ، تېخىمۇ ئۇنلۇك ئاۋازدا ناخشا ئېيتقىلى تۇرۇپتۇ. دېھقان قورققىنىدىن كالا ۋە قوشلىرىنى تاشلاپ ئۆيىگە قاراپ قېچىپتۇ. كەنجى ئوغۇلنىڭ ناخشىسى تۈگە - تۈگمەيلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، يەتتە باشلىق دىۋە يېتىپ كەپتۇ. كەنجى ئوغۇل قىرىق گەزلىك خەنجىرىنى قولىغا ئېلىپ، دىۋىگە ئېتىلىپتۇ. دىۋە بىلەن يەتتە كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپ دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ، دىۋىنىڭ ئىككى كۆزى بىلەن ئىككى قولىنى كېسىۋېلىپ ئۆيىگە بېرىپ، ئاتا - ئانىسى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپتۇ ۋە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئاتا - ئانىلىرىغا ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاتا - ئانىسى چوڭ ئوغۇللىرىنىڭ قارا نىيەت، ساختىپەزلىكىدىن ئاغرىنىپتۇ، كەنجى ئوغۇلنىڭ باتۇرلۇقىدىن سۆيۈنۈپتۇ. قۇتلۇق كۈندىن بىرنى تاللاپ مەلىكىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، كەنجى ئوغۇل ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ، ئەل - يۇرتنى خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قاسىم يۇسۇپ

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئە. قاسىم

# ھېكمەتلىك كىتاب

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر دېھقاننىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بىرسىنىڭ ئىسمى ئەمەت، بىرسىنىڭ ئىسمى سەمەت، ئەڭ كىچىكىنىڭ ئىسمى ئەخەت ئىكەن. چوڭ ئىككى ئوغلى ھارامزادە، يالغانچىراق ئىكەن. كەنجى ئوغلى ئەخەت ئىشچان، ئاق كۆڭۈل ئىكەن. دېھقان بىر كۈنى ئوغۇللىرىنى يېنىغا يىغىپ: «باللىرىم، قېرىپ يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، چاچ ـ ساقاللىرىم ئاقاردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماغدۇرۇمدىن كېتىپ، كېسەلمەن بولۇپ قالدىم. ئالىمادىن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، مېنى يەرلىكتە قويغان مازارلىقتا ھەر كۈنى بىرسىڭلار بېرىپ، كېچىسى قەبرەمنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ تۈنەپ، ماڭا ھەمراھ بولۇڭلار، مېنى يالغۇز تاشلىۋەتمەڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە ۋاق ئۆتۈپتۇ، بوۋاي كېسەلدىن ساقىيالماي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئۈچ ئوغۇل ئاتىسىنى يەرلىكتە قويۇپ ئۆلۈمنى ئۇزىتىپتۇ. ئاتىسىنىڭ ۋەسىيتى بويىچە بىرىنچى كېچىسى قەبرە بېشىدا تۈنەش نۆۋىتى چوڭ ئاكىسى ئەمەتكە كەپتۇ، ئەمەت: مەن مازارلىقتا يېتىشتىن قورقىمەن. مېنىڭ ئورنۇمدا سەن بېرىپ دادامنىڭ قەبرىسىگە ھەمراھ بولساڭ، دەپ،

كەنجى ئۇكىسى ئەخەتنى ئەۋەتىپ، ئۆزى مازارلىققا بارغىلى ئۇنىماپتۇ.

يېرىم كېچە بولغاندا قەبرە يېرىلىپ، قەبرىدىن دادىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ: «قەبرە بېشىدا ئولتۇرغان قايسىڭلار؟ چوڭ ئوغلۇم ئەمەتمۇسەن؟ ئوغلۇم ئەھۋالىڭلار قانىراقراق» دەپ سوراپتۇ.

— دادا، ئەھۋالىمىز يامان ئەمەس. خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

تاڭ ئېتىش بىلەن ئەخەت ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ.

— كېچىچە قەبرىستانلىقتا نېمىنى كۆردۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاكىلىرى.

— دادامنىڭ قەبرىسى يېرىلىپ، قەبرىدىن دادام «ئەھۋالىڭلار قانداقراق؟» دەپ سورىدى. «ئەھۋالىمىز يامان ئەمەس، خاتىرجەم بولۇڭ» دەپ جاۋاب بەردىم، — دەپتۇ ئەخەت.

ئىككىنچى كېچىسى قەبرىستانلىقتا يېتىش نۆۋىتى سەمەتكە كەپتۇ. بۇمۇ ھۇرۇن، ھارامزادىراق بولغاچ، سەۋەب كۆرسىتىپ قەبرىستانلىققا بارغىلى ئۇنىماپتۇ.

ئەخەت ئاكىلىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا ھەسرەتلىنىپ، بۇ كېچىمۇ دادىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپتۇ.

يېرىم كېچە بولغاندا، ئۆتكەن كېچىدىكىدەك يەنە قەبرە يېرىلىپ، قەبرىدىن دادىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ: «قەبرەم بېشىدا ئولتۇرغان قايسىڭلار؟ ئوغلۇم سەمەتمۇ سەن؟ ئوغلۇم ئەھۋالىڭلار قانداقراق؟» دەپ سوراپتۇ.

— مەن دادا، ئەھۋالىمىز يامان ئەمەس، خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەخەت.

تاڭ ئېتىش بىلەن ئەخەت قايتىپ كەپتۇ.

— بۈگۈن كېچە قەبرىستانلىقتا نېمە كۆردۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاكىلىرى.

ئەخەت كېچىسى بولغان ئىشنى دەپ بېرىپتۇ.

بۈگۈن كېچە قەبرىستانلىقتا يېتىش نۆۋىتى ئەخەتكە كەپتۇ. ئەخەت ئاكىلىرىغا: «مەن دادامنىڭ قەبرىسى بېشىدا ئۈدا ئىككى كېچە يېتىپ ھەمراھ بولدۇم. بۈگۈن كېچە ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى بولىدۇ، سىلەر ئىككىڭلارمۇ مەن بىلەن بىرگە بېرىڭلار، بۈگۈن كېچە ھەممىمىز دادامغا ھەمراھ بولۇپ، دادامنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ كېلەيلى» دەپتۇ. ئاكىلىرى: «ئۈكام سەن ئىككى ئاخشام يېتىپ كۆنۈپ قالدىڭ، بىز مازارلىقتىن قورقىدىكەنمىز، يەنىلا ئۆزۈڭ بېرىۋەرگىن» دەپ بارغىلى ئۇنىماپتۇ. ئەخەت ئىلاجسىز يەنە بېرىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا قەبرە يېرىلىپ دادىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

— قەبرە بېشىدا ئولتۇرغان قايسىڭلار؟ كەنجى ئوغلۇم ئەخەتمۇ سەن؟ يېقىندىن بېرى ئەھۋالىڭلار قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە دادا، كىچىك ئوغلىڭىز ئەخەت مەن، ئەھۋالىمىز ناھايىتى ياخشى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئەخەت، جېنىم ئوغلۇم! پەقەت سەنلا مېنىڭ ۋەسىيىتىم بويىچە كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدىن قورقماي، يولنىڭ يىراقلىقىنى

ھار ئالماي، ئۇدا ئۈچ كېچە كېلىپ ماڭا ھەمراھ بولدۇڭ. سەنلا مېنىڭ ھەقىقىي ياخشى ئوغلۇم ئىكەنسەن، ئەمدى ئەتىدىن ئېتىبارەن داداڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايسەن، جېنىم ئوغلۇم. ئەمدى سەن بىلەن مەڭگۈ ۋىدالىشىش ۋاقتى بولدى. داداڭدىن ساڭا تۇزۇكرەك بىر نەرسە مىراس قالمىدى، — دەپ ئەخەتنىڭ ئالدىغا قەبرىدىن بىر كىتاب چىقىرىپ:

— بالام بۇ ھېكمەتلىك ئىلاھىي كىتاب، بۇ كىتابنىڭ ھەرپلىرى مەرۋايىتتىن قويۇلغان. بۇ كىتابنى ئېچىپ ساڭا نېمە لازىم بولسا، شۇ لازىملىق نەرسىنىڭ ئىسمىنى بارمىقىڭ بىلەن باسساڭ، شۇ نەرسە ئالدىڭغا ھازىر بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئەخەت كىتابنى قولىغا ئېلىپ، بىرىنچى بېتىنى ئېچىشى ھامان كىتابتىن يالتىراپ نۇر يېغىپتۇ، سەپسېلىپ قارىسا، بېتىگە ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ ئىسمى يېزىلغان ئىكەن. ئەخەتنىڭ كۆزى ئۇشتۇمتۇت «كالا» دېگەن خەتكە چۈشۈپتۇ. خەتنى باسقانىكەن، ھايال ئۆتمەي ئالدىغا سېمىز يوغان بىر كالا پەيدا بولۇپتۇ. «خوتۇن» دېگەن خەتنى باسقانىكەن، ھايال ئۆتمەي چىرايلىق بىر قىز ئالدىغا ھازىر بوپتۇ.

ئەخەت ئەمدى بۇ ھېكمەتلىك ئىلاھىي كىتابنى قاتلاپ قەبرىنىڭ يېرىلغان يېرىگە قويۇپتۇ.

— ئوغلۇم، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ بۇ ئىككى نەرسىنىڭ ھازىر بولغانلىقىنى كۆرۈپلا، كىتابنى ئېلىپ كەتمەي قويۇپ قويۇۋاتىسەنغۇ؟ كېيىن پۇشايمان قىلارسەنمىكىن؟ — دەپتۇ دادىسى غايىب ئاۋاز بىلەن.

— ياق دادا، ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن. «خوتۇن» ماڭا ھەمراھ بولۇپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ تۇرمۇشۇمدىن خەۋەر ئالىدۇ. «كالا» بولسا دېھقانچىلىق قىلىش، يەر تېرىش، ھوسۇل يىغىش ئىشلىرىدا مېنىڭ يېقىن ياردەمچىم بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دۇنيا ـ دەپىنە ۋە باشقا نەرسىنىڭ لازىمى يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— بارىكاللا ئوغلۇم، مەن سەندىن مەڭگۈلۈك رازى بولدۇم، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىككى قولىغا، ئەقىل ـ پاراستىگە تايىنىش كېرەك. خەير ئوغلۇم، — دەپلا دادىسىنىڭ ئاۋازى يوقاپ كېتىپتۇ. ھېكمەتلىك ئىلاھىي كىتابمۇ غايىب بوپتۇ.

ئەتىسى ئىككى ئاكىسى بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئىنىسىنى «ھاماقەت» دەپ كەچتە قەبرىستانلىققا بېرىپ ئاچ قالغان بۆرىدەك دادىسىنىڭ قەبرىسىنى مارىلاپ، ئەمدى ياخشىراق بىر نەرسە چىقارمىكىن، دەپ تەمەدە ئولتۇرۇپتۇ. تاڭمۇ ئېتىپتۇ. ئۇلار ئىككىسى ھېچنەرسىگە ئىگە بولالماي قۇرۇق قول قايتىشىپتۇ.[①]

• ئابدۇراخمان مۆمىن تەييارلىغان

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 1 ـ سانى، 125 ـ بەت.

# پادىچى

ئۆتكەن زاماندا باي بىر كارۋان بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئەقىللىق بىر ئوغلى ھەم ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ كارۋان خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپ ئانچە ئۇزۇنغا بارماي بىر كۈنلەردە بىر يامان چۈش كۆرۈپتۇ. چۆچۈپ ئويغىنىپ چۈشىنى ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ. ئاخىرى قىلغان گۇناھلىرىغا تۇۋا قىلىش ئۈچۈن ھەرەمگە بارماقچى بولۇپ ئوغلىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىپتۇ. قىزىنى ئوقۇتۇۋاتقان ئۆزىنىڭ پىر ئۇستازى دامولىسىغا ئامانەت قىپتۇ. بۇلار ھەرەمگە كېتىپ 2 - ئايدىن كېيىن موللامنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنى پادىشاھنىڭ خوتۇنى چايغا چىللاپتۇ. ئۇلار بىلەن قىزمۇ تەييارلىنىپتۇ. بۇنى ئۇققان موللام قىزغا:

— سىز كىشىنىڭ ئامانىتى، تويغا بېرىشىڭىزنى ماقۇل كۆرمەيمەن.

قىز نائىلاج موللامنىڭ ئۆيىنى بېقىپ قاپتۇ. چۈشكە يېقىن موللام قىزنى چاقىرىپ:

— ئۆيدىكىلەر كەلمىدى. سىز ماڭا تاھارەتكە سۇ تەييارلاپ بېرىڭ، — دەپتۇ. قىز چۆگۈندە سۇ ئېلىپ كەلگەن ئىكەن،

موللام چۈگۈننى ئالماي قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ:
— مېنى قىينىماڭ! ... — دەپتۇ.
قىز قولىدىكى چۈگۈن بىلەن موللامنىڭ پېشانىسىگە ئۇرۇپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ موللامنىڭ قولىدىن قېچىپ چىقىپتۇ. شۇ كۈنى موللام سودىگەرگە قىزىڭىز بۇزۇلۇپ يولدىن چىقىپ كەتتى، هازىر مېنىڭ گېپىمگە كىرمەيدۇ، ئۆز قولىڭىزغا ئېلىڭ...» دەپ خەت يېزىپتۇ.
خەتنى تاپشۇرۇۋالغان سودىگەر ئوغلىنى «بېرىپ قىزنى ئۆلتۈرۈپ بىر قوشۇق قېنىنى ئېلىپ كېلىشكە!...» بۇيرۇپتۇ. ئوغلى كېلىپ سىڭلىسىنى چۆلگە ئەپچىقىپ ئۆلتۈرۈشكە كۆزى قىيماي:
— سىڭلىم، سەن جېنىڭنى ياقىغا ئال! سەن گۇناهسىز بولساڭ كۈنۈڭنى كۆر. مەن سېنىڭ ئورنۇڭغا بىرەر كۈچۈكنى تېپىپ ئۆلتۈرۈپ ئېلىپ باراي. ئەگەر گۇناهلىق بولساڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇۋا - ئىستىقامەت قىل! — دەپ قويۇپ بېرىپتۇ.
قىز چۆل كېزىپ كېتىپتۇ. ئاخىر كېلىپ بىر بۇلاق بېشىدا توختاپتۇ.
ئەمدى سۆزنى باشقا يەردىن ئاڭلايلى. شۇ يەرگە يېقىن بىر شەهەر پادىشاهىنىڭ كېلىشكەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. قۇشنى سالسا ئۇچۇپ كېلىپ بىر بۇلاق بېشىدىكى چىنارغا قونۇپتۇ. شاهزادە بۇلاق بېشىغا كېلىپ قارىسا، بىر ساھىبجامال قىز شۇ يەردە

يوشۇرۇنۇپ تۇرغۇدەك. شاھزادە قىزنىڭ قېشىغا كېلىپ:
— سىز پەرىزاتمۇ؟ ئادەمزاتمۇ؟ بۇ يەرگە نەدىن، قانداق قىلىپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز بېشىدىن ئۆتكەننى دەپ بېرىپتۇ.
— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ شاھزادە، — مەن سىزگە قىيامەتلىك يولداش بولاي!
بۇ تەكلىپكە قىز ماقۇل بوپتۇ. شاھزادە قىزنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ نىكاھىغا ئاپتۇ. ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپتۇ. بۇلار ئىككى بالا كۆرۈپتۇ. بىر كۈنى قىز ئۆگزىگە چىقىپ قارىسا، ھويلىنىڭ ئارقىسىدىكى يولدىن بىر توپ كارۋانلار ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ئىكەن، قىزنىڭ بۇنىڭغا كۆزى چۈشكەن ھامان ئاتىسىنى ئەسلەپ يىغلاپتۇ.
تالادىن كىرگەن شاھزادە مەلىكىنىڭ كۆزىنى ياش يۇقى كۆرۈپ:
— نېمە ئۈچۈن يىغلايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مەن سىزگە چۈشكىلى بەش يىل بوپتۇ. سىز بىر قېتىممۇ مېنىڭ ئاتامنى ئەسلىمىدىڭىز. ئاتامنى كۆرگۈم كېلىپ قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
— ئۇنداق بولسا تەييارلىق قىلىڭ، مەن ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى سىزگە قوشۇپ قوياي، داداملارنى كۆرۈپ كېلىڭ، — دەپتۇ شاھزادە. ئۈچ كۈندىن كېيىن شاھزادە ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىلەن مەلىكىنى نۇرغۇن ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن ئاتىسىنىڭ

يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. بۇلار ھەپتە يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ۋەزىرنىڭ ئوغلى تاھارەتكە چىقىپتۇ. مەلىكىنىڭ چېدىرىدىن قاراپ ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇ ھامان نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇ كۈننى مىڭ تەسلىكتە كەچ قىپتۇ. ئاخشىمى قونالغۇغا بارغاندا، مەلىكىگە كىشى كىرگۈزۈپتۇ. مەلىكە:

ــ ئىككى بالام بار، ئۇنىڭ يۈزىگە دەسسەپ نومۇسۇمنى بۇلغىمايمەن! ــ دەپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۇ كۈننى يەنە غەم بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئىككىنچى قونالغۇغا بارغاندا كېچىسى مەلىكىنىڭ قېشىغا ئۆزى كىرىپتۇ. مەلىكە ئىككى ئوغلىنى ئىككى يېنىغا ئېلىپ ياتقان ئىكەن. مەلىكە ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ تەلپىگە كۆنمىگەندىن كېيىن ئۇ چوڭ ئوغلىنى بوغۇزلاپتۇ. يەنە قىستاپ كۆرۈپ سۆزگە كىرگۈزەلمەي، كىچىك ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. مەلىكە ھەسرەت ئوتىدا يېنىپ، ئاخىر مۇنداق دەپ سۆز بېرىپتۇ:

ــ بۈگۈن كېچىنى ئىككى ئوغلۇمنىڭ ماتىمى بىلەن ئۆتكۈزەي، ئەتە مەن سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا، ــ دەپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى چارىسىز بۇنىڭغا «ماقۇل» دەپ قايتىپ چىقىپ ئۇخلاپتۇ. ۋەزىرنىڭ ھارامزادە ئوغلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەلىكە ئىككى ئوغلىنى چېدىرنىڭ ئىچىگە كۆمۈپ، ئۆزى ئەرەنچە ياسىنىپ قېچىپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئويغىنىپ چېدىرغا كىشى كىرگۈزسە مەلىكە يوق تۇرغىدەك شۇنىڭدىن كېيىن

كىشىلەرنى ئېلىپ ئىزدەپ تاپالماي، ئاخىرى شاھزادىغا:

— ئاياللىقىمىز بىر كېچىدە بىزنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئىككى ئوغلى بىلەن يوقاپ كەتتى. بىز ھېچ يەردىن ئىزدەپ تاپالمىدۇق، — دەپ بېرىپتۇ. شاھزادە بۇ گەپكە ئىشەنمەي قىزنى ئىزدەشكە تەرەددۇت قىلىپ ئۆزى مېڭىپتۇ. ئۇنىڭغا ۋەزىرنىڭ ئوغلى ھارامزادىمۇ دەككە - دۈككىدە بولۇپ قوشۇلۇپتۇ. شاھزادە قىزنىڭ دادىسى بار شەھەرنىڭ ئىسمىنى يادىغا كەلتۈرۈپ، ئىزدەپ - سوراپ تېپىپ كەلگۈچە ئاردىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتۈپتۇ. ئاخىرى قىزنىڭ دادىسى بار شەھەرنى تېپىپ كېلىپ، بولغان ۋەقەنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. قىزنىڭ دادىسىنى تېپىپتۇ. بۇلار بىردەم كۆز يېشى قىلىپ زىياپەتكە ئولتۇرۇپتۇ.

قىزمۇ قېچىپ كېلىپ دادىسىنىڭ پادىسىغا ئۇچراپتۇ. ئات بىلەن ئەرەنچە كىيىملىرىنى پادىچىغا يېشىپ بېرىپ، پادىچىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ پادىچىنى ئازاد قىپتۇ. دادىسىغا ئۇقتۇرماي پادا بېقىپ يۈرگەن ئىكەن. نەق شۇ كۈنكى زىياپەتكە شۇ پادىچى قىز قوي ئېلىپ كەپتۇ. قىزنىڭ دادىسى شۇ كۈنكى زىياپەتكە پادىشاھنى، موللىنى چاقىرىپتۇ. بەزمە راسا قىزىغاندا ئولتۇرغانلار سورۇننى قىزىتىش ئۇچۇن «چۆچەك» ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ .يا بايدىن، يا شاھتىن بىر چۆچەك چىقماپتۇ. زىياپەتكە، يۈگۈر - يېتىمگە ياراپ قالغان پادىچى سورۇندىكى قىز بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— شاھىمىز ماقۇل كۆرسە مەن بىر چۆچەك ئېيتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەرسەم؟ — دەپتۇ.

— ھە، ئېيتساڭ ئېيت، ئاڭلاپ باقايلى، — دەپتۇ شاھ.

— ئاڭلىغاننى ئېيتايمۇ، كۆرگەننىمۇ؟ — دەپتۇ مەلىكە.

— كۆرگىنىڭنى ئېيت! — دەپتۇ ئولتۇرغانلار.

مەلىكە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ. سۆز سودىگەرگە كەلگەندە سودىگەر ئۆز كۆڭلىدە: ماڭا ئوخشاش يەنە بىر ئادەم شۇنداق قىلغان چىغى ئىكەن، دەپ ئويلاپتۇ. موللامۇ، ۋەزىرنىڭ ئوغلىمۇ، شاھزادىمۇ شۇنداق ئويلىشىپتۇ. ئاخىرىدا قىز ئۆزىنى ئاشكارا قىلغان ئىكەن. پادىشاھ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىلەن موللامنى شۇ يەردىلا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. قىز ئۆز دۈشمەنلىرىدىن ئەنە شۇنداق قىلىپ ئۆچىنى ئاپتۇ.[1]

ئېيتىپ بەرگۈچى: مۇھەممەت ناپىر
رەتلىگۈچى: ئەرشىدىن تاتلىق
قايتا تولىغۇچى: خ. سىيىت

① «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 1 ـ سانى، 77 ـ بەت.

# تويلىشىش

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر يېزىدا بىر ياش يىگىت ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇش ئۈچۈن، ئايشەمخان ئىسىملىك بىر چوكانغا ئۆيلەنمەك بولۇپتۇ. ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ ئايشەمخان بار يېزىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئاش ۋاقتىغا يېقىن ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بېرىپ، ئىشىكنى ئېچىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپ ئۆيگە كىرسە، كۆزلەپ بارغان مەھبۇبىسى ئايشەمخان ئۆي ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرغان ئىكەن. ئۇمۇ تەبەسسۇم بىلەن يىگىتنى قارشى ئاپتۇ. يىگىت تۆردىن ئورۇن ئېلىپ، پاتىھە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئايشەمخان يىگىتنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ دەرھال ئالدىغا داستىخان سېلىپ، لېگەنگە ئاستىغا قاتلىمىنى، ئوتتۇرىغا ئارپا نېنىنى، ئۈستىگە تېرىق نېنىنى يەنى ئۈچ خىل ناننى تىزىپتۇ. يىگىتنى چايغا ۋە مەززەگە تەكلىپ قىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يىگىت نانىنىڭ تىزىلىشىغا قاراپ، ئايالنىڭ ئۇنى سىناپ باقماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ - دە، بۇ ھەقتە ئۆزلۈكىدىن ئويلىنىپ مۇنداق خىيالغا كەپتۇ: مەن لېگەنگە دەستىلەپ تىزىپ ئالدىمغا قويغان نانىنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاتلىما ناننى ئېلىپ يېسەم بەكمۇ سەت بولار، ئۈستىدىكى تېرىق ناننى ئېلىپ يېسەم، مېنى تازىمۇ نەپسى ئاۋارىسى ئىكەن دەپ ئەيىبلىشى تۇرغان گەپ، دەپ كاللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە ھەر خىل ئوي - پىكىرلەر كېلىشكە باشلاپتۇ، «داستىخانغا قويۇلغان ناننى ئېلىپ يېيىشتە تەمسىل قوشاققا قېتىپ، ئايشەمخاننىڭ مۇشۇ سىناق ئۆتكىلىدىن چوقۇم ئۆتۈشۈم كېرەك» دېگەن ئىرادىغا كەپتۇ.

ئۇ ئىنتايىن تەمكىنلىك بىلەن ۋە ئەدەپ تەۋازۇلۇق بىلەن داستىخانغا قويۇلغان ئۈچ خىل نانغا بېغىشلاپ تۆۋەندىكى نەزم - قوشاقلارنى ئېيتىش ئارقىلىق بۇ ئىشنى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئەڭ ئالدى بىلەن تېرىق ناننى قولىغا ئېلىپ تۆۋەندىكى نەزمنى ئوقۇپتۇ:

ئىھ، تېرىقىم مەڭزى قىزىل،
خۇش چىرايلىق پىشىپسىز.
كۆزگىدىن توققۇز ئايلىق كىچىكسىز،
ئالدىراپ تۆپىسىگە چىقىۋاپسىز.

— سىز مەيەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ! — دەپ داستىخاننىڭ بىر چېتىگە ئېلىپ قويۇپتۇ.

نۆۋەت ئارپا نانغا كەلگەندە، ئۇنى قولىغا ئېلىپ، ئالدى - كەينىگە بىر نەزەر سېلىپ، مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇپتۇ:

مەن ـ مەن دېگەن ئوغۇللار،
ھەددىدىن ئاشماس.
سىز خېنىمنى مەن كۆرمىگوچە،
قايىنماس ـ تاشماس.
مەن ئۆزۈم بەك سوغۇقچان،
ئارپا نېنى ياراشماس.

ــ سىزمۇ مەيەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ! ــ دەپ ئارپا نېنىنىمۇ داستىخاننىڭ بىر چېتىگە ئېلىپ قويۇپ، ئاندىن قاتلىما ناننى ئىشتىھا بىلەن ھوزۇرلىنىپ يەپتۇ.

يىگىتنىڭ يۇقىرىقى ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشلىتىپ، نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتقان قوشاقلىرى ئايشەمخاننى قايىل قىپتۇ ھەم يىگىتكە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تويلىنىشنى ماقۇل كۆرۈپتۇ، شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىيلەن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ، خۇشال ـ خۇرام ھايات كەچۈرۈپتۇ.①

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەھەممەت سايىم
خاتىرىلىگۈچى: ئالماس ئابلايوپ

① «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 1 ـ سانى، 78 ـ

# بالىلارغا سوۋغا - 2

*Balilargha Sowgha*


بىتەلەي توشقان

ئاق قۇ مەلىكە

ئۈچ ئالتۇن قورچاق

خىرۇستال كەش

توز مەلىكە

توققۇز دانە ئالما

ئەخلەت يەيدىغان كۈچۈك

بەختىت ئارىلىنى ئىزدەش

يولۋاسقا ئايلانغان بالا

ھاكاۋۇر چۈجە خوراز


8.00


ISBN 978-7-5373-2011-5

9 787537 320115 >

总定价：84.00元（全十册）